# سىياسىي. قانۇن. جەمئىيەت. شىسىم. ئەخلاق

ئىلمىي ئۇنىۋېرسال ئاخبارات ژۇرنىلى


平安

★ چوڭ مولەدەرەخنى قانداقمۇ لىگشىنالىسۇن

★ ئۆزدادىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل

★ بىرتال ئۆۋ مىلتىقى

★ پارتلىتىش ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن



# ئامانلىق

2

1998

ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى سىياسىي-قانۇن كومىتېتى
ش ئۇ ئا ر جەمئىيەت ئامانلىقنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى نەشر قىلدى

# شىنجاڭ خۇڭيۈەن مېھمانخانىسى
# مۇلۇك باشقۇرۇش چەكلىك مەسئۇلىيەتلىك شىركىتى

مەزكۇر شىركەت شىنجاڭ خۇڭيۈەن ھاۋالە مەبلەغ پاي چېكى چەكلىك مەسئۇلىيەتلىك شىركىتى، شىنجاڭ دېلۇڭ خەلقئارا سانائەت شىركىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كىنو شىركىتى بىرلىكتە قۇرغان، مۇستەقىل قانۇنىي سالاھىيەتكە ئىگە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى. مەزكۇر شىركەت ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار قانۇن ۋە بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، مېھمانخانىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، خېرىدارلارنى 1-دەرىجىلىك تىجارەت سورۇنى بىلەن تەمىنلەيدۇ.



↑ 1-سۈرەتتە: 24سائەت دىجورنىلىقنى بولغا قويۇپ، مېھمانخانىنىڭ ھەربىر نەۋبەتنى نازارەت قىلىپ تىزگىنلەپ، بىخەتەرلىك، ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇردى.



← 3-سۈرەتتە: مەزكۇر شىركەت ج ح ئارماقلىرىغا ماسلىشىپ زەھەر جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى.



↑ 2-سۈرەتتە: شىركەت ئىشچى، خىزمەتچىلەردىن تەشكىللەنگەن، قاتتىق سىناقتىن ئۆتكەن خالىس ئالدىنى ئېلىش ئەترىتى قۇرۇپ، «119» ئوت ئۆچۈرۈش، ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مانېۋىرىدا، ئاپتونوم رايون، شەھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ يۇكسەك باھاسىغا ئېرىشتى.



← 4-سۈرەتتە: شىنجاڭ خۇڭيۈەن ھاۋالە مەبلەغ پاي چېكى چەكلىك مەسئۇلىيەتلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى خې جياۋۇ (4-رەت ئوڭدىن 7-كىشى) شىنجاڭ دېلۇڭ شىنخۇا مۇلۇك سانائىتى چەكلىك مەسئۇلىيەتلىك شىركىتىنىڭ لىدېرى چۇشۇجۇڭ (4-رەت ئوڭدىن 6-كىشى) ئاپتونوم رايونلۇق ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەنلەر فوندى جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي لىدېرلىقىغا قوبۇل قىلىندى، ئۇلار ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدىرىشىت، لى نىڭزى قاتارلىق ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە سۈرەتكە چۈشتى.




← 5-سۈرەتتە: مەزكۇر شىركەتنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدىكىلەر خىزمەتلەرنى تەتقىق قىلماقتا.

# بايرامدىن تۇغۇلغان ئويلار

ھەش - پەش دېگۈچە يېڭى يىل، روزى ھېيت، چاغان ئۆتۈپ كەتتى.

قەدىمدىن ھازىرغىچە، جۇڭگودىن چەت ئەللەرگىچە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ھېيت - بايراملىرى تۇغرىسىدا قىزىق پاراڭلىرى بولغان. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە نۇرغۇن خۇشاللىنارلىق ئىشلارنى ئاپىرىدە قىلغان. ئەمما كىشىلەر ئەشۇ ھېيت - بايرام كۈنلىرى تولىمۇ قاينام - تاشقىنلىققا چۆمىدۇ. ئامان - ئېسەنلىككە چۆمگەندە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ، خەلقنىڭ ئامانلىقىنى تېخىمۇ ئويلىشىمىز لازىم.

ئۆتكەن بىر يىلنى ئەسلىسەك، بىر ئۈچۈم مىللىي بۆلگۈچىنى تايانچ ئۇنسۇرلار ۋە دىنىي چېكىدىن ئاشقان تايانچ ئۇنسۇرلار پىلانلىق، تەشكىللىك ھالدا غۇلجا شەھىرىدىكى «5-فېۋرال» ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋەقەسى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى«25-فېۋرال»ئاپتوبۇس پارتلىشى ۋەقەسىنى سادىر قىلغان.

شۇنداق، ۋاقىت كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتىرىلىپ كېتىدۇ. ئەمما بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ ساپ قېنى يەنىلا قېرىنداشلىرىنىڭ ۋە ئاقكۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن چىقىپ كەتكىنى يوق.

رىئال تۇرمۇشتا كىشىلەرگە خۇشاللىق ئاتا قىلىدىغان ۋە كىشىلەرنى ئازابقا دۇچار قىلىدىغان ئادەملەر بولىدۇ. ئالدىنقىسى كىشىلەرنى ئاسايىشلىققا باشلايدۇ، كېيىنكىسى كىشىلەرنى بىئارام قىلىدۇ. ئەلمىساقتىن تارتىپ ھەق - ناھەقنى بۇرمىلاپ، تەلۋىلىك قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتى شەرمەندىلىك بىلەن ئاخىرلاشقان. 1997-يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشى ۋە 15-قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىشىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ خۇشاللىق ئىشنى كۈتىۋالدى. يەنە نۇقتىلىق رايونلاردا جەمئىيەت ئامانلىقىنى مەركەزلىك تۈزەش، زورلۇق، تېررورلۇق جىنايى ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشى قانات يايدۇرۇلدى.

كۈرەش ئەمەلىيىتى شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق رايونلاردا جەمئىيەت ئامانلىقىنى مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتىنى ۋە زورلۇق، تېررورلۇق جىنايىتىگە قاتتىق زەربە بېرىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى»نى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى پۈتۈنلەي توغرا ۋە ۋاقتىدا بولدى. كۈرەش ئەمەلىيىتىمۇ شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلار ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنى قىزغىن سۆيۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىدى. بىر ئۈچۈم مىللىي بۆلگۈنچى تايانچ ئۇنسۇرلار ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان ئۇنسۇرلارغا قارشى كۈرەش قىلدى.

باشقۇرغۇچى ئورۇن: ج ك پ ش ئۇئار سىياسىي- قانۇن كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى

مەسئۇلھەتچىلەر: ش ئۇ ئا ر پارتكوم سىياسىي -قانۇن كومىتېتى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتىنىڭ بارلىق ھەيئەتلىرى

پەخرى مۇدىر: لى فېڭزى

ئالىي مەسئۇلھەتچى: شەن يوشىڭ

# ئامانلىق

1998 - يىل 2- سان

(ئومۇمىي 14-سان)

ئاساسىي ماقالىدىن ئارىيە

دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ زەھەرلىك بۇيۇم ئىشلەپچىقىرىش بازىسى، غەربىي ئاسىيادىكى «ئالتۇن ھىلال ئاي» رايونى بارغانسېرى دۇنيادىكى چوڭ زەھەرلىك بۇيۇم بازىسى بولۇپ قالدى. زەھەرلىك بۇيۇم ئىشلەپچىقىرىدىغان سىركە كىسلاتاسى ئانگىدرىد ھەل قىلىپ ئۇنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش ئۈچۈن زەھەر ئەتكەسچىلىرى ئىبلىس قولىنى جۇڭگونىڭ خىمىيە سانائىتى بازىرىغا سوزۇپ قونجىراپ تاموژنىسى ئارقىلىق زەھەرياسايدىغان سىركە كىسلاتاسى ئانگىدرىدىنى خەلقئارالىق يېڭى يول بىلەن ئوغرىلىقچە ئېلىپ كىرىشكە ئۇرۇندى. يېڭى يولدا «خەلقئارا زەھەر ئەتكەسچىلىرىنىڭ كېكىردىكىنى بوغۇش» دېگەن ماقالىدا جۇڭگو تاموژنىسى 10 مىڭ توننا سىركە كىسلاتاسى ئانگىدرىدىنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ تەپسىلاتىنى بايان قىلىندى.

## مۇندەرىجە

※ بايرامدىكى ئويلار .......................... 1
※ ۋاڭ لېچۈەننىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 2-قېتىملىق ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەنلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان سۆزى (قىسقارتىلمىسى) 4
※ ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 2-قېتىملىق ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەنلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان سۆزى (قىسقارتىلمىسى) 5
※ لى فېڭزىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 2-قېتىملىق ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەنلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى (قىسقارتىلمىسى) 6
※ يېڭى يولدا خەلقئارا زەھەر ئەتكەسچىلىرىنىڭ كېكىردىكىنى بوغۇش.. .....سۇن شىلۇ 7
※ ئۆز دادىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل ............ .......قاھار ئوسمان (ت) 12
※ پارتلىتىش دېلوسى يۈز بەرگەندىن كېيىن.......... ئەخمەت راخمان (ت) 14
※ چۇمولە دەرەخنى قانداق مولىگشىتالىسۇن........ گوسو گيۈەن 16
※ بىر تال ئوق مىلتىقى.............................. 23
※ زەھەر ئەتكەسچىسىنىڭ تورغا چۈشۈشى............دەي شيوڭ 25

مۇقاۋىدىكى سۈرەتنى ئېزىز قېيۇم تارتقان



ئېزىز قېيۇم فوتوسى

تەكلىپلىك باش مۇھەررىر: ھەسەن توختى
مۇئاۋىن تەھرىر ران باشلىقى: غەيرەت نىياز
جاۋابكار مۇھەررىرلىرى: ئەخمەت راخمان، ھاشىمجان ئىسمايىل
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئۆمەرجان قاسىم
ماشىنىست: پەرىدە
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى:
«ئامانلىق» ژورنال تەھرىراتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
ش. (97)001- نومۇرلۇق
باسقۇچى: جۇڭخۇەن باسما زاۋۇتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ساغلاملىق يولى 2-نومۇرلۇق قورۇ
تېلېفون نومۇرى: 2817524 ئارقىلىق 21864 نى ئېلىڭ
پوچتا نومۇرى: 830003
تەننەرخى: 3.00 يۈەن

※ ساپ قېنى بىلەن ساقچى گىرىبىغا شەرەپ كەلتۈرۈش... ھاشىمجان ئىسمايىل(ت) 28
※ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قانۇنچىلىق قورۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغدايلى .............. 30
※ جىنايى ئىشلار قوشۇمچە ھەق تەلەپ دېلوسىنى ‹ئۆزى دەۋاقىلغان› بىرتەرەپ قىلىش توغرىسىدا........................ سۈي لىجۈن 33
※ بەدەنگە گۈل چېكىشكە نەزەر..........................دەۋشيۇڭ 35
※ ئۇ چىن مۇھەببىتى ئارقىلىق ئېرى بىلەن «3-شەخس»نى قوتقۇزۇپ قالدى..... دامىڭ 37
※ تۇرسۇن مەسۇم توغرىسىدا تەسىرات........................جاڭ جىكاڭ 42
※ كەسپىي 3-شەخس رېژىسورلۇق قىلغان تىراگىدىيە.................. خې يېي 44
※ قىسقا خەۋەرلەر ................................46
※ يۇمۇرلار..................................47
※ ھەجۋى رەسىملەردىن تاللانما........................48

# ۋاڭ لېچۈەننىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 2 ـ قېتىملىق ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەنلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان سۆزى (قىسقارتىلمىسى)

(1997 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى)



بۇ قېتىمقى يىغىن ئىنتايىن مۇھىم يىغىن. ئۇنىڭ مۇھىملىقى ئىنتايىن توغرا يول باشلاپ بەرگەنلىكىدە. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ مەقسىدى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنى ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىپ گەۋدىلىك نەتىجە ياراتقان ئىلغارلار ۋە ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى قوللىغان ئورۇنلار ۋە شەخسلەردىن ئۆگىنىشكە چاقىرىش، پۈتۈن جەمئىيەت جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىشتەك ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقىنى جارى قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش، خەلقنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكى دەخلى ـ تەرۇزغە ئۇچرىغاندا، باتۇرلۇق بىلەن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ جىنايەتچىلەر بىلەن كۆرەش قىلالايدىغان بولۇش نۆۋەتتە ئىنتايىن مۇھىم، شۇنداقلا جەمئىيىتىمىزنىڭ ئۇزاققىچە ئامان بولۇشى، مۇقىم بولۇشىنىڭ ئېھتىياجى. پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋاللىرىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى، ئىلمىمىز گۈللەپ ياشنىدى، خەلق رازى بولدى. بىراق خەلق ئامممىسى رازى بولمىغان تەرەپلەرمۇ بار، بىرسى، ناتوغرا ئىستىل بىلەن چىرىكلىشىش، بىرسى، جەمئىيەت ئامانلىقى ئەھۋالى تۈپتىن ياخشىلانمىدى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئاممىا دىكتاتورا يۈرگۈزسۇن دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ پۈتۈنلەي قانۇنسىزلىق. بىر بۇخاتالىقنى تۈزەتكەندە يۈرۈنقى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇسۇللار بىلەن تەجرىبىلەرنى چۈرۈۋەتتۇق. بۇ يىللاردا جەمئىيەت ئامانلىقىنى باشقۇرۇش جەھەتتە ئېغىش پەيدا بولدى، يەنى كەسپىي قوشۇن بىلەن ئاممىۋى لۇشيەنىنى بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرمىدۇق. ئاممىۋى لۇشيەن جەھەتتىكى تەجرىبىلەرگە ئەھمىيەت بەرمىدۇق. كەسپىي قوشۇننىڭ رولىنى ئارتۇقچە تەكىتلەپ كەتتۇق. بۇنىڭ بىلەن مەخسۇس قوشۇن ھەسسىلەپ كۆپىيىپ كەتتى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى باشقۇرۇش قانمال ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

دۆلىتىمىز توققۇز مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر زېمىنغا، بىر مىليارد 200 مىليون ئاھالىگە ئىگە چوڭ دۆلەت. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئانچە ياخشى تەرەققىي قىلمىغان، ئاممىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىرقەدەر تۆۋەن، قانۇن كۆزقارىشى ئاجىز. بۇ خىل ئەھۋالدا، پۈتۈنلەي كەسپىي قوشۇنغا تايىنىپلا جەمئىيەتنى ياخشى باشقۇرۇپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئورتاقلىقنى باشقا، يەنە مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن قانۇنسىز دىنىي كۈچلەر مەۋجۇت. ئۇلار جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى بىلەن بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ، بىر ـ بىرىدىن پايدىلىنىدۇ، ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرىدۇ، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر بەزى جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىنتىپاقدىشى دەپ قاراپ، زورلۇق، تېررورلۇق ھەرىكىتى ئېلىپ بارىدۇ، تېررورلۇق كەيپىياتى پەيدا قىلىدۇ. بۇ كىشىلەر گەرچە ئازساندا بولسىمۇ، ئەمما جەمئىيەتتىكى قانلىق، بۇلاڭچىلىق قاتارلىق جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ خورىكىنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئۇستۇرۇپ قويدى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىمسىزلىقىنى كۈچەيتتى. بۇلاڭچىلىق قىلىش، قاتىللىق قىلىشقا ئوخشاش بەزى جىنايى ھەرىكەتلەرنى مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن چېكىدىن ئاشقان دىنىي كۈچلەر سادىر قىلغان.

بۇخىل ئەھۋالدا شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى ۋە ئامانلىقىنى قانداق ساقلىغىلى بولىدۇ؟ تارىخىي تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئەسلايدىل بەكۈنلەشكە ئەرزىيدۇ. پارتىيىمىزنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنىدە ميكىش ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەسپىي قوشۇن بىلەن ئاممىۋى لۇشيەننى بىرلەشتۈرۈشتە قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى خىزمىتىنى يۈكسەلدۈرۈشىمىز لازىم. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم قارار چىقىرىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ياخشى ئىشلەپ، يېزا ـ كەنت پارتىيە، ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلق ئەسكەرلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ياخشى بولغا قويۇشنى؛ شەھەرلەردە ئامانلىق بويىچە بىرلەشمە مۇداپىئە قوشۇنىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تەكىتلىدى. ئاممىا جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەشكە كەڭ قاتناشقاندىلا، ئاندىن ئاپتونوم رايونىمىز جەمئىيىتىنىڭ ئۇزاققىچە ئامان ـ ئېسەن بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرگىلى بولىدۇ.

# ئابلەت ئابدۇرىشىتنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 2-قېتىملىق ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەنلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان سۆزى (قىسقارتىلمىسى)

(1997-يىل 12-ئاينىڭ 16-كۈنى)



ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىپ، ھەققانىيەتنى يۆلەش - جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى ئەخلاقى. شۇنداقلا يېڭى تارىخى شارائىتتا ھەربىر پۇقرا ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەت. خەلققە، جەمئىيەتكە، دۆلەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان قانۇنغا خىلاپ ھەرخىل جىنايى ھەرىكەتكە يولۇققاندا، ھەربىر پۇقرا مەردانىلىق بىلەن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇلارغا قارشى كۈرەش قىلىشى لازىم.

15-قۇرۇلتاي ئەسىر ھالقىيدىغان تارىخى يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى، ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ياخشى جەمئىيەت ئامانلىقى مۇھىتىغا مۇھتاج. ياخشى جەمئىيەت ئامانلىقى مۇھىتى يارىتىشتا پۈتكۈل جەمئىيەتكە تايىنىپ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك. قانۇنغا خىلاپ ھەرخىل جىنايەتچىلەر بىلەن كۈرەش قىلىش جەريانىدا، باشقا ھەرقانداق ھەرخىل كۈچ ئامما ئوينىغان رولنى ئوينىيالمىدى. ج خ ئورگانلىرى ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىنى ھەقىقىي ئورۇندا ئوبدان ئىشلەپ، مەخسۇس ئورگان بىلەن ئاممىۋى لۇشيەننى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاممىنى كەڭ ئورۇندا قوزغاپ، ھەرمىللەت ئاممىسىغا زىچ تايىنىشى كېرەك. خەلق ئاممىسىنى ھەقىقىي قوزغىغاندىلا، ھەرقانداق جىنايەتچى «كوچىدىن ئۆتكەن چاشقان ئۇر-ئۇرغا قاپتۇ» دېگەندەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش ۋەزىيىتى شەكىللەندۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقى ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن قەھرىمان نەمۇنىچىلارنى ئۈلگە قىلىپ، ھەققانىيەتتە چىڭ تۇرۇش، ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىشتەك ئالىيجاناپ روھنى جارى قىلدۇرۇپ، ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەنلەر قاتارىدىن تېخىمۇ ئاڭلىق، تېخىمۇ ئاكتىپ ئورۇن ئېلىشى كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ھەردەرىجىلىك سىياسىي - قانۇن ئورگانلىرى بىرلىكتە يەكدىللىك بىلەن ھەمكارلىشىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداشنىڭ پولات قورغىنىنى قۇرۇپ چىقىپ، ياخشى جەمئىيەت ئامانلىقى مۇھىتى يارىتىشى كېرەك.

# لى فېڭزىننىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 2-قېتىملىق ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەنلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى (قىسقارتىلمىسى)



(1997-يىل 12-ئاينىڭ 16-كۈنى)

ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش روھىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش جەمئىيەت ئامانلىقى تەرتىپىنى قوغداشنىڭ ئېھتىياجى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى توغرا ئىجتىمائىي كەيپىياتنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ ئېھتىياجى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، داغدۇغىلىق ھالدا تەقدىرلەنگەن ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن ئىلغار شەخسلەرنىڭ قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم قىلىشى، رەزىللىككە زەربە بېرىشى ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈشكە پايدىلىق، جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا پايدىلىق، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق.

نۆۋەتتە، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان مۇھىم پەيتتە تۇرماقتا. 15 - قۇرۇلتاي بىزگە ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. 15-قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىر ياخشى جەمئىيەت ئامانلىقى مۇھىتىغا مۇھتاج. ياخشى جەمئىيەت ئامانلىقى مۇھىتى يارىتىشتا پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ كۈچلەرگە تايىنىشىمىز كېرەك. ھەرخىل جىنايەتچىلەر بىلەن كۈرەش قىلىشتا خەلق ئاممىسى ئوينىغان رولنى باشقا ھەرقانداق بىر خىل كۈچ ئوينىيالمايدۇ. شۇڭا، بىز دېكتاتۇرا ئورگىنى خىزمىتى بىلەن ئاممىۋى لۇشيەننى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاممىنى كەڭ تۈردە قوزغاپ، ئاممىغا زىچ تايىنىپ، جىنايەتچىلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز لازىم. خەلق ئاممىسىنى ھەقىقىي تۈردە قوزغىغاندىلا، جىنايەتچىلەرنى ئۇر-ئۇرغا ئۇچرايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويالايمىز. ئۆزلۈكىدىن ئامان - ئېسەن بولۇشنى ئىلگىرى سۈرەلەيمىز. ھەردەرىجىلىك پارتكوملار، ھۆكۈمەتلەر «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش» قائىدىسىدە چىڭ تۇرۇشى، ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىشتەك قەھرىمانلىق، نەمۇنىلىك روھنى ئاكتىپ تەشەببۇس قىلىشى ۋە جارى قىلدۇرۇشى، ئاممىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداشتىكى ئاكتىپچانلىقىنى قىزغىن قوغدىشى، تېخىمۇ كۆپ خەلق ئاممىسىنى ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەنلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشى لازىم. بولۇپمۇ ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەنلەرنى ئاسراش، قوغداش، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلار خىزمەتتە، تۇرمۇشتا يولۇققان كونكرېت قىيىنچىلىقلارنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش لازىم؛ ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش يولىدا قۇربان بولغان يولداشلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا نەپىقە بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، ياخشى غەمخورلۇق قىلىش لازىم، ھەردەرىجىلىك سىياسىي - قانۇن تارماقلىرى قاتتىق زەربە بېرىش قائىدىسىدە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇشى، ھەرخىل ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىشى، ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەنلەرگە زەربە بېرىش، ئۇلاردىن ئۆچ ئېلىشتەك قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش قىلمىشىنى قاتتىق جازالىشى، ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى ھەقىقىي تۈردە قوغدىشى ۋە كاپالەتلەندۈرۈشى، توغرا ئىجتىمائىي كەيپىياتنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم. ھەردەرىجىلىك ئاخبارات، تەشۋىقات تارماقلىرى ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن ئىلغار تىپلارنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى، بۇ قېتىمقى يىغىندىن پايدىلىنىپ ئىلغار تىپلارنى داغدۇغىلىق تەشۋىق قىلىشى لازىم. ھەرخىل ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ دائىملىق تەشۋىقاتى ئارقىلىق، قەھرىمانلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ھەممە ئائىلىلەرگە، ھەممە ئادەمگە بىلدۈرۈپ، ھەممە ئادەم قەھرىماننى ھۆرمەت قىلىدىغان، قەھرىماننىڭ يېزىلىنىڭگە ئاپىرىن ئوقۇيدىغان ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىيات شەكىللەندۈرۈش لازىم.

# يېڭى يولدا خەلقئارا زەھەر ئەتكەسچىلىرىنىڭ كېكىردىكىنى بوغۇش

— دۆلىتىمىز قورۇلغاندىن بۇيان ئاز كۆرۈلگەن زەھەر ئىشلىتىلىدىغان خورۇچ ئەتكەسچىلىكى دېلوسىنى پاش قىلىش خاتىرىسى

ئۆز مۇخبىرىمىز سۇن شىلۇ

چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى بىر نەچچە خادىم دۆلىتىمىزدە قولغا كەلتۈرۈۋالغان قانۇنلۇق سودا قىلىش سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ، نۇرغۇن مىقداردىكى زەھەر ياساش خورۇچىنى قانۇنسىز ئەتكەسچىلىك قىلىپ چېگرىدىن چىقارغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي چېگرىسى - قونجىراپ تاموژنىسى بىراقلا قولغا چۈشۈردى.

## «ئازوت كىسلاتاسى»دەپ يالغان ئېيتىپ، كۆز بوياپ، ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشقا ئۇرۇنۇش

1997-يىل 9-ئاينىڭ 2-كۈنى، قونجىراپ تاموژنىسى خادىملىرى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا، ئۆيان-بۇيان ئۆتۈۋاتقان ماشىنىلاردىكى يۈكلەرنى ۋە ئالاقىدار رەسمىيەتلەرنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈۋاتقاندا، بىر خىل غەلىتە كىسلاتا پۇرىقىنى سېزىپ قالىدۇ. بۇ پۇراق تەكشۈرۈش ئالدىدا تۇرغان ئېكسپورت قىلىنىدىغان بىر دانە يۈك ماشىنىسىدىن كەلگەنىدى. بۇ مال قەشقەر J شىركىتى تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈپ پاكىستانغا ئېكسپورت قىلىدىغان خىمىيە سانائىتى خام ئەشياسى بولۇپ، تاموژنىغا مەلۇم قىلىنغىنى ئازوت كىسلاتاسى ئىدى. بۇ 8080 كىلوگرام كېلەتتى. مال تەكشۈرگۈچىلەر بۇ مالنىڭ مىقدارىنىڭ 8080 كىلوگرام ئەمەس بەلكى 10100 كىلوگرام ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇلاردىن تاموژنىنى بۇ مالنىڭ زاۋۇتىنى چىقىش ئىسپاتى، مالنىڭ سۈپىتى ھەققىدىكى ئىزاھات ۋە زاۋۇتتىن چىقىش تالونى بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلدى. مەزكۇر شىركەت ئۆزى ئىشلىگەن تالون ۋە مال سېتىشقا قوشۇلغانلىق ئىسپاتىنىلا كۆرسىتىپ، زاۋۇتنىڭ ھېچقانداق ئالاقىدار ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلىيەلمىدى. شۇڭا تاموژنا بۇ مالنى تۇتۇپ قېلىشنى قارار قىلدى ھەمدە مالدىن ئەۋرىشكە ئېلىپ دەرھال قەشقەر ۋىلايەتلىك دورا تەكشۈرۈش ئورنىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئەۋەتىپ بەردى.

ئەتىسى، قەشقەر J شىركىتى تاموژنىغا بۇ ئازوت كىسلاتاسى ھەققىدە چېگىت ئايرىشقا ئىشلىتىلىدۇ، دېگەن مەزمۇندا ئىسپاتىنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ ھەمدە تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما بۇ ئىسپات ھېچنېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى.

كەچ سائەت 12لەردە، تەكشۈرۈشكە ئاپارغان خادىملار قەشقەردىن تېلېفون بېرىپ: نەتىجىسى چىقتى، سىركە كىسلاتاسى ئانگىدرىد ئىكەن، دېگەن. تاموژنا يەنە ئۇرۇمچىدىكى شىنجاڭ تەھلىل قىلىش، ئۆلچەش - سىناق قىلىش مەركىزىگە ئەكىلىپ تەكشۈرتۈپ، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن سىركە كىسلاتاسى ئانگىدرىد ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان.

ب د ت خەلقئارا زەھەر چەكلەش مەھكىمىسى سىركە كىسلاتاسى ئانگىدرىدىنى ئىزچىل تۈردە قانۇنسىز ۋاسىتە ئارقىلىق ئەتكەسچىلىك قىلىش، ئوغرىلىقچە يۆتكەش، ئېلىپ - سېتىش مەنئى قىلىنغان زەھەر ياساش خورۇچىدىن بىرى قاتارىغا كىرگۈزۈپ كەلدى. دۆلىتىمىز جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 350-ماددىسىدىمۇ سىركە كىسلاتاسى ئانگىدرىد قاتارلىقلارنى زەھەر ياساشقا كېرەكلىك خام ئەشيا قىلىشقا قارىتا، دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ ھەمدە جەرىمانە قويۇلىدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن.

قەشقەر J شىركىتى رەسمىي رەسمىيەت بولمىغان ئەھۋالدا، مالنىڭ نامى، سانىنى يالغان مەلۇم قىلغان، تاموژنا ئالاقىدار رەسمىيەت بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلغاندا، يالغان ئىسپات چىقىرىپ، كۆزبوياپ، ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغان.

شۇڭا، تاموژنا بۇ شىركەتنى نازارەت قىلىپ تېز گىنىلەشنى، بۇ مالنى ئېكسپورت قىلىش جەريانىنى تېز ئىنقىلاپ چىقىشنى قارار قىلغان. يىلانىنى ئۇركۇتنۇەتمەسلىك ئۈچۈن، تاموژنا رەسمىيەت تولۇق ئەمەسكەن دېگەننى باھانە قىلىپ، مالنى تاموژنىدا تۇتۇپ قالغان بولغاچقا، مەزكۇر شىركەت ئىلاج قىلالماي، بۇ مالنى ئەمەلىيەتتە پاكىستانلىق فاكىل.ئەلى بىزگە ۋەكالىتەن تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ھاۋالە قىلغان، دېگەن.

## ۋەكالىتەن تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈپ بېرىشتە ئاق ـ قارىنى سۈرۈشتۈر مەسلىك

قەشقەر J شىركىتى قەشقەر ۋىلايىتىدە روېخەتكە ئېلىنغان ئىمپورت ـ ئېكسپورت ھوقۇقى بار سودا شىركىتى. مالنى قانداق ئىمپورت، ئېكسپورت قىلىش، رەسمىيىتىنى قانداق بېجىرىشنى ئىنتايىن ئېنىق بىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما، فاكىل.ئەلىنىڭ ھاۋالىسىنى بېجىرگەندە ئىپادىلىگەن ئۆزىنىڭ گېپىنىلا بورغىلىتىش ۋە دىققەتسىزلىك كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالماي قالمايدۇ.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، فاكىل.ئەلى مۇشۇ شىركەتنىڭ كونا خېرىدارى ئىكەن. 29.ئاۋغۇست فاكىل.ئەلى J شىركىتىگە كېلىپ: مېلىم بار، ۋەكالىتەن ئېكسپورت قىلىش رەسمىيىتى بېجىرگۈزىمەن، دېگەندە، شىركەتنىڭ كەسپى خادىمى C خېنىم ئۇنى كۈتىۋالغان.



سوئال: نېمە مال؟

جاۋاب: سىر كە كىسلاتاسى.

سوئال: قانچىلىك؟

جاۋاب: 8080كىلوگرام.

سوئال: قاچان ماڭىسىز؟

جاۋاب: قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى.

تەكشۈرگۈچىنىڭ C خېنىمدىن سورىغان سوئاللار خاتىرىسىگە قاراپ:

سوئال: فاكىل.ئەلى سىزگە نېمە دېدى؟

جاۋاب: سىر كە كىسلاتاسى، دېدى.

سوئال: تالونى بارمىكەن؟

جاۋاب: يوقكەن.

سوئال: سىر كە كىسلاتاسىنىڭ نېمىگە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟

جاۋاب: بىلمەيمەن، ئۇ تاموژنا خادىمىنىڭ ئىشى، ماڭا ئېنىق ئەمەس.

سوئال: تاموژنا خادىمى سەندىن تالون ئالدىڭمۇ، دەپ سورىدىمۇ؟

جاۋاب: سورىمىدى.

سوئال: تالون بولمىسا تاموژنىدىن قانداق ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ؟

جاۋاب: ئادەتتە ھاۋالە قىلغۇچى نەرسىنىڭ سانىنى ئاغزاكى دەپ بېرىدۇ. بىز باھاسىنى مۆلچەرلەپلا بوللاپ بېرىمىز. فاكىل.ئەلى تەبىئىكى بۇ بوشلۇقتىن پايدىلانغان.

تاموژنا مالنى تۇتۇپ قالغاندىن كېيىن، فاكىل.ئەلى: بۇمال مېنىڭ ئەمەس، پاكىستانلىق مۇزەپپەرگە ۋەكالىتەن تاپشۇرماقچىدىم. مۇزەپپەرنىڭ بىر خۇرۇم زاۋۇتى بار، سىر كە كىسلاتاسىنى خۇرۇم ئىشلەشكە ئىشلىتىدۇ، دەيدۇ.

قەشقەر J شىركىتى ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىپ، تاموژنىغا بىر پارچە مال توشۇش كېلىشىمنامىسى تاپشۇرىدۇ، كېلىشىمنامە پاكىستان داجى كارخانىسىنىڭ جېجياڭ ئۆلكىسى يىۋۇ شەھىرى ۋاكالەت باشقارمىسىدا تۇرىدىغان ھەسەنشىيا بىلەن خېنەندىكى بىر يۈك ماشىنىسى شىركىتى ئىمزالىغان يىۋۇدىن قەشقەرگە مال توشۇش كېلىشىمى ئىدى. كېلىشىمدە مالنىڭ سۇيۇق جىسىم ئىكەنلىكى ئالاھىدە ئىزاھلاپ قويۇلغان. J شىركىتىنىڭ دىرېكتورىنىڭ ئېيتىشىچە، كېلىشىم بىلەن تاموژنىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن نەچچە پارچە ئىسپاتنى فاكىل.ئەلى ئۇلارغا بەرگەنكەن. فاكىل.ئەلى مالنىڭ تاموژنا تەرىپىدىن تۇتۇپ قېلىنغانلىقىنى كۆرۈپ، تىت.تىت بولۇپ، Jشىركىتىنى چوقۇم ئامال قىلىپ مالنى ماڭغۇزۇۋېتىشقا سۈيلىگەن.

## ئىلانىڭ ئۇۋىسىدىن يەنە چىقىشى، تاموژنىنىڭ يەم قويۇشى

بۇ دېلو جىددىي تەكشۈرۈلىۋاتقاندا، دېلو ئىلگىرىلەشكە ئېرىشىدۇ.

23-سېنتەبىر، قەشقەر J شىركىتىنىڭ دىرېكتورى تاموژنىغا: «فاكىل. ئەلى شىركىتىمىزگە يەنە سىركە كىسلاتاسىنى ۋەكالىتەن ئېكسپورت قىلىشنى ھاۋالە قىلدى. بۇ قېتىم كەلگىنى ئىككى ئادەم. ئۇنىڭ يەنە بىرىنىڭ ئىسمى رىياز، پاكىستانلىق. مال يەنىلا سىركە كىسلاتاسى دەيدۇ، 13.8 توننا ئىكەن. شىركەت ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈش ئۈچۈن، ئاتايىتەن ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈردى، نەتىجىدە يەنىلا سىركە كىسلاتاسى ئانگىدرىد بولۇپ چىقتى. شۇڭا شىركىتىمىز ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشقا پېتىنالماي، تاموژنىغا ئالاھىدە دوكلات قىلدۇق» دەپ ئىنكاس قىلدى.

تاموژنا تورنى كەڭ يېيىپ بېلىقنىڭ بوغىنىنى تۇتۇش ئۈچۈن، دوكلاتنى تاپشۇرۇۋالغان ھامان J شىركىتىگە فاكىل. ئەلىنىڭ ھاۋالىسىنى قوبۇل قىلغۇزۇشنى قارار قىلدى ھەمدە J شىركىتىدىن فاكىل. ئەلى بىلەن چوقۇم توختام تۈزۈشنى تەلەپ قىلدى.

ئۈرۈمچى تاموژنىسى ۋاكالەت نورمۇرى «WHG» بولغان مەخسۇس دېلوغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇردى. ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ باشلىقى سۈن جۈنچاڭ گۇرۇپپا باشلىقى، تاموژنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى غوپۇر، تەكشۈرۈش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بەردى مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى. تەكشۈرۈش باشقارمىسىدىكى ئەنۋەرنى ئېغىزغا بېرىپ قونجىراپ تاموژنىسىنىڭ دېلو بىجىرىشىگە ھەمكارلىششقا ئەۋەتتى.

فاكىل. ئەلى قەشقەر J شىركىتى بىلەن ھاۋالە رەسمىيىتىنى بىجىرىپ بولغاندىن كېيىن، دۆلىتىگە قايتماقچى ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلايدۇ، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان تاموژنا شۇ ئان شىركەتكە فاكىل. ئەلىنى چوقۇم تۇتۇپ قېلىپ، مەزكۇر دېلونى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئۇقتۇرىدۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، فاكىل. ئەلى ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى ھېس قىلىپ، قەشقەر J شىركىتىنىڭ تۇتۇپ قېلىشىنى رەت قىلىپ، قونجىراپقا كېلىپ چېگرىدىن چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنىدۇ. بۇچاغدا، تاموژنا ئۇنىڭ ۋىزىسىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى سەۋەب قىلىپ ئۇنى قويۇپ بەرمەيدۇ.

29-سېنتەبىر، فاكىل. ئەلىنىڭ ئىككىنچى تۈركۈم مېلى (606 تۇڭ ھەربىر تۇڭى 25 كىلوگرام، جەمئىي 15 توننا) قونجىراپ تاموژنىسى تەرىپىدىن تۇتۇپ قېلىنىدۇ. دەرھال ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق مالنىڭ سىركە كىسلاتاسى ئانگىدرىد ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىدۇ.

30-سېنتەبىر، قايتا ۋىزا ئالغۇچى فاكىل. ئەلى كۆرەڭلىگەن ھالدا قونجىراپ ئېغىزىغا كېلىپ قۇيرۇقىنى خادا قىلماقچى بولغاندا، تاموژنا شۇ جايدىكى ج خ ئورگىنىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن زەھەر ياسىلىدىغان زور مىقداردىكى خىمىيۋى خۇرۇچنى چېگرىدىن ئېلىپ چىقىشقا ئۇرۇنغان گۇماننى ئاساس قىلىپ شۇ مەيداندىلا تۇتۇپ قالىدۇ.

ئۆزىنى جىنايى جاۋابكارلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، فاكىل. ئەلى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەندە، بىرىنچى تۈركۈمدىكى مالنى مۇزەپپەر دېگەن ئادەمنىڭ ھاۋالىسى بويىچە يۆتكىگەنلىكىنىلا ئېتىراپ قىلىپ، ئىككىنچى تۈركۈمدىكى مالنى ھەمدە بىرىنچى تۈركۈمدىكى مال مۇزەپپەر شىاڭگاڭدىن سېتىۋالغان مال دېگەنلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىدۇ. تاموژنا ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ قەشقەر J شىركىتى بىلەن ئىمزالىغان «ھاۋالە ۋاكالەتنامىسى»نى كۆرسەتكەندىلا، ئۇ ئاندىن بېلى چىقىپ كەتكەن شاردەك، ئۆزىنىڭ جىنايىتىنى ئېقرار قىلىدۇ ھەمدە شېرىكى رىيازنىڭ قەشقەردىكى ئادرېسىنى دەپ بېرىدۇ ۋە مالنى شاڭخەيدىن ئەكلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئەمما مال ئەۋەتكۈچى مۇزەپپەرنىلا تىلغا ئېلىپ ھەسەنشىيانى تىلغا ئالمايدۇ.

1-ئۆكتەبىر كەچتە، مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىدىكىلەر قەشقەر چىنىباغ مېھمانخانىسىغا بېرىپ بىلىيارت ئويناۋاتقان رىيازنى تاپىدۇ. رىياز ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى ھېس قىلىپ، دېلو تۇغدۇرۇش جەريانىنى ئېقرار قىلىدۇ.

رىيازنىڭ ئېقرار قىلىشىچە، ئۇ فاكىل. ئەلى بىلەن شېرىك بولۇپ، ئوقەت قىلىش ئۈچۈن جۇڭگوغا كەلگەنىكەن، ئاساسلىقى ئۆز دۆلىتىدىكى سودىگەرلەر ئۈچۈن مال ئىمپورت-ئېكسپورت قىلىش رەسمىيىتىنى ۋاكالىتەن بىجىرىپ بېرىدىكەن. فاكىل. ئەلى ئىككى تۈركۈم خىمىيە سانائىتى خام ئەشياسى تاپشۇرۇۋالغانىكەن، 2-تۈركۈم مالنى تاموژنىغا ئاپارغانىكەن.

ئىككى تۇركۇم مالنى پاكىستانلىق ھەسەنشىيا جىجىيائىنىڭ يېۋۇ دېگەن يېرىدىن ماشىنا بىلەن ئەكەلگەنىكەن، ئۇ پاكىستان راجى كارخانىسىنىڭ جىجىيائىنىڭ يىۋۇدىكى ۋەكالەت ئورنىنىڭ خوجايىنى ئىكەن. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى يىۋۇدا ئۆز دۆلىتى سودىگەرلىرى ئۈچۈن زاۋۇت تېپىپ مال زاكاز قىلىش ۋە ئۇنى ۋەكالىتەن چېگرىدىن چىقىرىپ بېرىش ئىكەن.

## يىۋۇغا بېرىش، دېلودىكى ئۆزگىرىش

«WGH» مەخسۇس دېلوغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ بولغان ھامان، سىرتقا بېرىپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى. بۇ گۇرۇپپىغا ئەنۋەر، لۇجۇ ئېيىڭ قاتنىشىدۇ. ئەزىمەتنى ئەكىلىپ بىلەن قاتناشتۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ج خ خادىمى بولغاچقا قولغا ئېلىش، تۇتۇپ قېلىش قاتارلىق قانۇن بەرگەن ھوقۇقنى يۈرگۈزەلەيتتى، يەنە كېلىپ ئۇ پاكىستان تىلىنى بىلەتتى، تەرجىمان بولالايتتى.

4.ئۆكتەبىر بۇ ئۈچىسى خاڭجۇغا مېڭىش سەپىرىدە، رىياز تەمىنلىگەن ھەسەنشىيانىڭيىۋۇدىكى تېلېفون نومۇرىغا تېلېفون بېرىدۇ، ئۇ تۇرغان ۋاكالەت ئورنىدىكى خادىملار ھەسەنشىيا ئۈرۈمچىگە كەتتى، دەپ جاۋاب بېرىدۇ؛ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر شۇ كۈنى كەچتە يىۋۇ شەھرىگە كېلىپ ئەتراپلىق، ئىنچىكە ئەھۋال ئىگىلەش ئارقىلىق ھەسەنشىيانىڭ ھەقىقەتەن 4.ئۆكتەبىر يىۋۇ شەھرىدىن ئايرىلىپ ئۈرۈمچىگە كەتكەنلىكىنى ئېنىقلايدۇ ۋە بۇ ئەھۋالنى ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ مەخسۇس دېلوغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىغا دوكلات قىلىدۇ. چۈش سائەت 12دە، ئۈرۈمچى تەرەپتىن: ھەسەنشىيا ئۈرۈمچىدە قولغا چۈشتى، دېگەن خۇش خەۋەر كېلىدۇ.

ئەنۋەر يىۋۇ ۋەكالەت ئورنىدىكى خادىملار ھەسەنشىيانىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئادرېسىنى جەزمەن بىلىدۇ، دەپ ئويلاپ يىۋۇغا يەنە بىر قېتىم تېلېفون بېرىپ: مەن ئۈرۈمچىدىكى سودىگەر، ھەسەنشىيا بىلەن كەسىپ ئۈستىدە سۆزلەشمەكچىدىم، دېگەندە، تېلېفون قوبۇل قىلغۇچى دەل ئىسمايىل بولۇپ، ئۇ خەنزۇچىنى بىلمىگەچكە، ئەزىمەت ئۇنىڭ بىلەن پاكىستانچە سۆزلىشىدۇ. ئىسمايىل تېلېفوندا: سىلەر ئۈرۈمچىدە بولساڭلار ھەسەنشىيانى ئۈرۈمچىدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىغا بېرىپ تېپىڭلار، دېگەن ھەمدە چاقىرغۇ نومۇرىنى دەپ بەرگەن. ئەنۋەر مۇشۇ چاقىرغۇ نومۇرى ئارقىلىق ھەسەنشىيانىڭ گۇاڭخۇي مېھمانخانىسىدا تۇرىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ.

6.ئۆكتەبىر، ھەسەنشىيا ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ، 7.ئۆكتەبىر پاكىستانغا ئۇچىدىغان ئايروپىلان بېلىتى سېتىۋېلىپ قېيىرۋېلىشنى تىكلۈۋەتمەكچى بولۇپ، ئىسمايىلغا تېلېفون ئۇرۇپ ئۆزىنىڭ ھېس قىلغىنىنى دېگەن ھەمدە كېيىنكى ئىشلارنى ياخشى بىرتەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلغان، جۇڭگو تەرەپنىڭ خىزمەتچىسى دەل جۇڭخۇغا تېلېفون ئۇرۇپ: ئامباردىكى ئۈچ تۇڭ سىركە كىسلاتاسى ئانگىدرىدىنىڭ ئەۋرىشكىسىنى تاشلىۋەت، ئىز قالدۇرما، دېگەن ۋە بەزى ئىقتىسادى ھېساباتلارنى تېز بىرتەرەپ قىلىۋېتىپ، گۇاڭخۇي مېھمانخانىسىدىن ئايرىلماقچى بولۇۋاتقاندا، تاموژنا خادىملىرىمىز بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ج خ خادىملىرى ئاسماندىن چۈشكەندەك ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغان، ئەسلىدىلا ئوقيادىن ئۈركىگەن قۇشتەك ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ھەسەنشىيا ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قالغان. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان يىۋۇ تەرەپمۇ پاكىستاننىڭ يىۋۇدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىدىكى خىزمەتچىلەرنى تۇتۇپ قېلىشنى ھەمدە ھەسەنشىيانىڭ تۇرالغۇسى ۋە ۋاكالەتچىلىك ئورنىنى ئاقتۇرۇشنى قارار قىلغان، چۈشتىن كېيىن سائەت 4دە، ج خ كادىر ـ ساقچىلىرى ئىسمايىل بىلەن دىڭ جۇڭخۇنى قولغا چۈشۈرگەن ھەمدە ئىسمايىلنىڭ تۇرالغۇسىدىن شاڭخەيدىن يىۋۇغا سىركە كىسلاتاسى ئانگىدرىد توشۇش توختامنامىسىدىن بىر نۇسخىنى، مال يەتكۈزۈپ بېرىش ئۆتنۈرۈشىدىن بىر نۇسخىنى، قەغەز ساندۇق زاكاز قىلىش تالونىدىن ئۈچ نۇسخىنى، ئۈچ تۇڭ سىركە كىسلاتاسى ئانگىدرىد ئەۋرىشكىسىنى، نۇرغۇن ئامېرىكا دوللىرى، خەلق پۇلىنى قولغا چۈشۈرگەن

## پۇل دېسە جان بېرىپ، ئۆمۈر بويى تۈرمىگە تاشلىنىش

ھەسەن شىيا پاكىستان راجى كارخانىسىنىڭ يىۋۇ ۋەكالەت ئورنىنى ھەسەنشىيا 1997.يىل 4.ئايدىن 5.ئايغىچە قۇرغاندىن كېيىنكى بىرنەچچە ئاي ئىچىدىلا 60توننا سىركە كىسلاتاسى ئانگىدرىدىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان. چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى بىرخادىمنىڭ شۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شۇنچىلىك كۆپ سېتىۋېلىشى، شۇنچە ئۇزۇن بولدا توشۇشى، شۇنچە يۈرەكلىك ھالدا ئەتكەسچىلىك قىلىپ چېگرىدىن ئۆتكۈزۈشكە ئورۇنۇشى دۆلىتىمىزدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ قانۇن ئېڭىنىڭ ئاجىزلىقى، ئازغىنە پايدا ئۈچۈن جىنايى ئىشلار قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىپ، تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ زور خاتالىق ئۆتكۈزۈشى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك.

شاڭخەيدىكى مەلۇم شىركەتنىڭ ئىشچىسى چېن يىنبو (28ياشلاردا)شىركەتتە ئىشلەۋاتقان چېغىدا، يەنى 1997.يىل4.ئايدا، شىركەتكە ئىش بېجىرگىلى كەلگەن پاكىستانلىق سودىگەر ھەسەنشايا بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ داۋاملىق ئالاقىلىشىپ تۇرغان. 5.ئايدا، ھەسەنشىيا يىۋۇ شەھرىدىن ئۇنىڭغا فوتوتېلېگراف بېرىپ سىركە كىسلاتاسى ئانگىدرىد سېتىۋالغىلى بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرگەندە ئۇ شاڭخەيدىكى بىرخىمىيە سانائىتى سودا سارىيىدىن نۇرغۇن مال تېپىپ، باھاغا باھا قوشۇپ ھەسەنشىياغا خەۋەر بەرگەندە ئۇ شۇئان قوشۇلۇپ،

ئالدى بىلەن 10 توننا سېتىۋالماقچى بولغان. 16-ماي ھەسەن شىيادىن مال پۇلى كەلگەندىن كېيىن، چېن يىنبو مەزكۇر زاۋۇتتىن 10 توننا سىركە كىسلاتاسى ئانگىدرىد سېتىۋېلىپ راجى كارخانىسىنىڭ بىۋۇدىكى ۋاكالەت ئورنىغا ئەۋەتىپ بەرگەن. بۇ قېتىم چېن يىنبو 12 مىڭ يۈەن پايدا ئالغان. 7-ئايدا، ھەسەنشايا شاڭخەيگە كېلىپ، چېن يىنبودىن يەنە 7 توننا تېپىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەندە، ئۇ ھېلىقى زاۋۇتتىن يەنە 7 توننا سېتىۋېلىپ ھەسەنشىيا بەرگەن. 1997-يىل 5-ئايدىن 7-ئايغىچە، چېن يىنبو ھەسەنشىياغا 5 قېتىمدا 60 توننا سېتىپ بېرىپ، ئارىدىن 40 نەچچە مىڭ يۈەن پايدا ئالغان.

ھېلىقى سودا سارىيىنىڭ مەسئۇلى چېن يىنبوغا سىركە كىسلاتاسى ئانگىدرىد بىلەن ھەم دورا ياسىغىلى، ھەم زەھەر ياسىغىلى بولىدىغانلىقىنى دەپ بەرگەن. چېن يىنبو مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلمىغان.

9-ئاينىڭ بېشىدا، ھەسەن شىيا شىنجاڭغا ماڭغۇزغان تۇنجى تۈركۈم مال تاموژنا تەرىپىدىن تۇتۇپ قېلىنغاندا، چېن يىنبوغا بۇ مالنىڭ سۈپەت ئىزاھاتىنى تېپىپ بېرىشنى ئېيتقاندىلا ئۇ بۇ مالنىڭ چەت ئەلگە ماڭغۇزۇلىدىغان مال ئىكەنلىكىنى بىلگەن. ھەسەنشىيا: بۇ مال ئېكسپورت قىلىنىدۇ، ۋەكالىتەن بېجىرىپ بېرەلەمسىز؟ دەپ سورىغاندا، چېن يىنبو تامامەن قوشۇلغان. تۇنجى تۈركۈمدە 16 توننا «يىلىم»نى بىر شىركەتكە ۋەكالىتەن بېجىرىشكە بېرىپ، شاڭخەيدىكى باۋشەن پورتىدىن پاراخوت ئارقىلىق چېگرىدىن چىقىرىۋەتكەن. بۇ «يىلىم»غا نۇرغۇن سىركە كىسلاتاسى ئانگىدرىد قوشۇۋېتىلگەن.

10-ئاينىڭ بېشىدا، چېن يىنبو ھەسەنشىيانىڭ يەنە بىر ھاۋالىسىنى قوبۇل قىلىپ، شاڭخەيدىن بىۋۇغا ئۈچ چوڭ ساندۇق ئېلىپ كېلىپ ھەسەنشىيانىڭ بىرمۇنچە مېلى بىلەن ئىككى ساندۇق «يىلىم»نى شاڭخەيگە ماڭغۇزۇۋەتكەن ھەمدە جياڭشىدىكى بىر شىركەتكە ئېكسپورت قىلىشنى بېجىرىشنى ھاۋالە قىلغان. بۇ ماللار شاڭخەيدىكى فۇشەن ۋىلايىتى ئارقىلىق قۇرۇقلۇققا چىقىرىلىپ، سىبىرىيە ئارقىلىق ئافغانىستانغا توشۇپ كېتىلگەن.

7-ئۆكتەبىر، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىلەن جېجياڭ ج خ خادىملىرىدىن 10 دىن ئارتۇق ئادەم شاڭخەيگە كېلىپ، شاڭخەي جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى باش ئەترىتىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن چېن يىنبونى قولغا چۈشۈرۈپ، شاڭخەي شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى باش ئەترىتىگە ئېلىپ كېلىپ، سوراق قىلغاندا ئۇ ھەممە جىنايىتىنى ئىقرار قىلغان.

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىلەن شاڭخەي ج خ خادىملىرى بىر تۈركۈم مالنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈپ چاۋشيەننىڭ فۇشەن دېگەن يېرىگە بارغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ھامان ئالاقىدار تارماقلار ئارقىلىق فۇشەن بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلاردىن بۇ مالنى تۇتۇپ قېلىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، مال ئاللىقاچان چېگرىدىن چىقىپ بولغانىدى.

## مەدىكار بولىمىز دەپ ئوغرى كېمىسىگە چىقىپ قېلىش

ئىيۇلنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ھەسەنشىيا دىڭ جۈگۈەنغا: شاڭخەيدىن كېلىدىغان مال بار، ئاۋۋال ئىسكىلاتقا چۈشۈرۈپ، ئاندىن ئوراپ قاچىلا، دەپ تاپىلىغان. دىڭ جۈگۈەن بەش ئىشچى تېپىپ كېلىپ مالنى ئىسكىلاتقا چۈشۈرگۈزۈپ، ئاندىن قەغەز ساندۇقلارغا قاچىلاتقۇزۇپ، ئاندىن يەنە تاغارغا قاچىلاتقۇزۇپ تاڭدۇرىۋەتكەن. مال تالونىدىن بۇ مالنىڭ سىركە كىسلاتاسى ئانگىدرىد ئىكەنلىكىنى بىلگەن.

كېيىن، ھەسەنشىيا ئۇنىڭغا ئۇزۇن بولۇق بىر يۈك ماشىنىسى تېپىپ كېلىپ، مالنى قاچىلاپ شىنجاڭغا ماڭدۇرۇشنى تاپىلىغان. دىڭ جۈگۈەن ھەسەنشىيانىڭ دېگىنى بويىچە ماشىنا تېپىپ شوپۇر بىلەن مال توشۇش كېلىشىمى تۈزگەن.

8-ئايدا، ھەسەنشىيا يەنە شاڭخەيدىن ئىككى ماشىنا سىركە كىسلاتاسى ئانگىدرىد سېتىۋېلىپ، دىڭ جۈگۈەنغا بىرنەچچە ئادەم تاپقۇزۇپ، مالنى ئوراپ تاڭدۇرۇشنى تاپشۇرغان. دىڭ جۈگۈەن ھېلىقى بەش ئادەمنىڭ بىرىنىڭ چاقىرغۇ نومۇرىنى ئېسىدە ساقلاپ قالغانلىقتىن، بۇ بەش ئىشچىنى ناھايىتى تېزلا تېپىپ ئىشنى چىرايلىق پۈتتۈرگەن. ھەسەنشىيا شىنجاڭدىن بىر ماشىنا تېپىپ مالنى قەشقەرگە ماڭدۇرغان.

كېيىنكى ئىككى تۈركۈم مال نىقابلىنىپ ئېكسپورت قىلىنغان، دىڭ جۈگۈەننىڭ كاللىسى ئىشلىگەن، قانۇنچىلىق ئېڭى بولغان بولسا، خوجايىنى ئۈچۈن ئۇنچىۋالا جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىمىگەن بولاتتى، ئەمما ئۇ ئۇنداق قىلمىدى.

ج خ خادىملىرى دىڭ جۈگۈەننى سوراق قىلغاندا، ئۇ: چوقۇم ئەينەن تاپشۇرىمەن، بىلگەنلىرىمنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي دەيمەن، دېگەن بولسىمۇ بەرىبىر كېچىككەنىدى.

كېيىنكى ئىككى قېتىمدا سىركە كىسلاتاسى ئانگىدرىدنى شىنجاڭغا ماڭغۇزۇۋەتكەن ھەسەنشىيا 9-ئاينىڭ بېشىدا تۇيۇقسىزلا ئاكىل. ئەلنىڭ قەشقەردىن تېلېفون بېرىپ مال قونجىراپ تاموژنىسى تەرىپىدىن تۇتۇپ قېلىندى دەيدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇ قارا تەرگە چۆمۈلدى. بۇ، زاۋۇتتىن چىقىش ئىسپاتى بىلەن سۈپەت ھەققىدىكى ئىزاھات يوق، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ چاتاق بوپتۇ، دەپ جەزملەشتۈردى.

ئۇ تۇتۇلۇپ قېلىپ سوراق قىلىنغان چاغدا، شىنجاڭغا ماڭدۇرغان 32 توننا سىركە كىسلاتاسى ئانگىدرىدنىلا ئىقرار قىلىپ، شاڭخەيدىن ماڭدۇرغان 34 تۇننىنى بىلمەيمەن دەپلا تۇرىۋالدى، يەنە بىر دەمدىن كېيىن بۇنى ئىسمايىل چېن يىنبو ئارقىلىق ماڭدۇرغان دەۋالدى.

ئۈرۈمچى تاموژنىسى قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى خادىملار چېگرىمىز ئىچىدە زەھەر ياسىلىدىغان زور مىقداردىكى خىمىيەۋى خورۇچ ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش دېلوسىنى تەكشۈرۈشنى ئاياغلاشتۇردى ھەمدە جىنايەت گۇماندارلىرىنىڭ ھەممىسىنى قولغا چۈشۈرۈپ ج خ تارماقلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ دەرۋازىسىنىڭ پاكلىقىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق يەنە بىر قېتىم قوغداپ قالدى.

ھ. توختى (ت)



# ئۆز دادىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل

**ئىلاۋە: ئادالەتلىك ئوق ئاۋازى جىنايەتكە تولغان بىر ھاياتلىقنىڭ بۇ دۇنيادىن يوقالغانلىقىنى جاكارلىدى.**

**1997 ـ يىل 9ـ ئاينىڭ 29ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئۆز دادىسىنى ئۆلتۈرۈپ، جەسەتنى پارچىلاپ كۆيدۈرۈۋەتكەن قاتىل ۋاڭ يەنجۇڭ جازا مەيدانىغا يالاپ ئاپىرىلىپ، مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئىجرا قىلىندى. يەنى كەچۈرگۈسىز جىنايەت ئۆتكۈزگەن بەش جىنايەتچىمۇ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.**

**(1)**

1997ـيىل 1ـئاينىڭ 18ـكۈنى ئۈرۈمچى ۋاقتى 11لېرىمدا، سانجى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى قوماندانلىق مەركىزىنىڭ «110»دېلو مەلۇم قىلىش مۇلازىمەت ئورۇندىكىلەر: شەھەرلىك قەغەز زاۋۇتىنىڭ خىزمەتچىسى شى شىنلۇڭ مەزكۇر زاۋۇتنىڭ كىرەكسىز سۇنى چىقىرىۋېتىش ئېرىقىنى چارلاۋېتىپ، ئېرىقتا نەرسە قاچىلانغان بىر تاغار تۇرغانلىقىنى بايقاپ، تاغارنى گۈرجەك بىلەن سۈزۈپ چىقىپ، ئىچىدە بىر ئادەمنىڭ بېشى تۇرغانلىقىنى كۆرگەن. شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ جىنايى ئىشلارنى رازۋېدكا قىلىشقا مەسئۇل مۇئاۋىن ئىدارەباشلىقى يۇفېي، جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى ليۇجىنكۇي ۋە سىياسىي يېتەكچى نىجات رازۋېدكا تېخنىكا خادىملىرى، قانۇن دوختۇرى ۋە دېلو يۈز بەرگەن شەھەر ئەتراپى ساقچىخانىسىدىكى ساقچىلارنى باشلاپ نەق مەيدانغا ئۇچقاندەك يېتىپ كەلدى.

نەق مەيدان سانجى شەھرىنىڭ ئەتراپىدىكى جىۋجياۋ كەنتىدە بولۇپ، شەھەرلىك تۇخۇم، ئۆي قۇشلىرى فېرمىسىنىڭ كەينى تېمىغا 100مېتىر كېلىدىغان جايدا ئىدى. شەھەرلىك قەغەز زاۋۇتىنىڭ كىرەكسىز سۇنى چىقىرىۋېتىدىغان بىر ئېرىقى بار ئىدى. بىر كونا تاغاردا ئەر كىشىنىڭ جەسىتىنىڭ گەۋدىسى ۋە ئىككى بىلىكى قاچىلانغان ئىدى، بۇ تاغاردىن تەخمىنەن سەككىز مېتىر نېرىدىكى ئېرىقتا جەسەتنىڭ ئىككى پاچىقى قاچىلانغان ئاق چىپتا تۇراتتى. ئېرىقتا يېقىن يەردىكى قار ئۈستىدە تاغارنى سۆرىگەندە قېپقالغان ئىزلار تۇراتتى. ئۇ يەردە يەنە ئادەم ئولتۇرغان ئىز. ئۈچ چاقلىق هارۋىنىڭ ئىزى ۋە ئۇلارنىڭ ئىككى قېتىم بېرىپ كەلگەن ئىزلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى. نەق مەيدان جەت دالىدا بولغاچقا، بۇنداق قارا قىشتا بۇ يەرگە كېلىدىغانلار تولىمۇ ئاز ئىدى. ئۈچ چاقلىق هارۋىنى جەسەت يۆتكىگەن قورال، قەدەم ئىزىنى جىنايەتچى قالدۇرغان ئىز، دەپ جەزىملەشتۈرۈشكە بولاتتى.

**(2)**

دېلو يۈز بەرگەن كۈنى كەچتە، شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى مۇئاۋىن باشلىق يۇفېينىڭ رىياسەتچىلىكىدە جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى باش ئەترىتىدىكى ۋە شەھەر ئەتراپى ساقچىخانىسىدىكى 20دىن ئارتۇق رازۋېدچىك قاتناشقان دېلو ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش يىغىنى ئاچتى. جىنايى ئىشلار رازۋېدكا تېخنىكلىرى نەق مەيداننى چارلاش، تەكشۈرۈش ۋەئاناتومىيە قىلىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلى، ئومۇمىيۈزلۈك تەھلىل قىلىپ، مۇنداق دەپ قارىدى: بۇ، قاتىللىق قىلىش، جەسەتنى كۆيدۈرۈش ۋە پارچىلىۋېتىش دېلوسى، 15ـچىسلا كۈندۈزى قار ياغقان بولغاچقا، نەق مەيداندىكى ئىزلارنىڭ ھەممىسى قاردىن كېيىن قېپقالغان ئىزلاردۇر، جەسەت بەلكىم 15ـچىسلا كەچتە تاشلىۋېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىدىكى چارلىغۇچى يولداشلار دېلو ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشنى يۈز نەچچە پارچە باستۇرۇپ، قوشنا ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ج خ ئىدارىلىرى ۋە ساقچىخانىلىرىغا تارقىتىپ بەردى ھەمدە سانجىنىڭ شەھەر ـ يېزىلىرىدا 1ـئاينىڭ

## ھەسەت قەلب يارىسى

15-كۈنىدىن بۇرۇن يوقاپ كەتكەن ياكى ئىز-دېرىكى بولمىغان ئالتە نەپەر تەڭ دېمەتلىك كىشىنى تەپسىلى تەكشۈرۈپ چىقتى، لېكىن ئۇلاردىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى.

(3)

جەسەتنىڭ مەنبەسىنى تېپىش يەنىلا بۇ دېلونى پاش قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە بۆسۈش ئېغىزى ئىدى. رازۋېدچىكلار ئۇيقۇسىزلىق ۋە ئاچلىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرىپ، جەمئىي 1120 ئائىلىنى ئارىلاپ چىقتى، 1860 ئادەم-قېتىم زىيارەت قىلدى؛ 300دىن ئارتۇق ئۈچ چاقلىق ھارۋىنى تەكشۈردى.

3-ئاينىڭ 27-كۈنى، جەنۇبىي يەتتەن بولى يېزىسى بۇجىن قورۇسىدىكى ۋاڭ خۇەيجۇنىڭ باھار بايرىمىدىن بۇرۇن يوقاپ كېتىپ، ھازىرغىچە ئىز-دېرىكى بولمايۋاتقانلىقى ئىنكاس قىلىندى.

جەسەت كۆيدۈرۈلۈپ يۈز قىسمى بۇزۇۋېتىلگەچكە، ئۇلار جەسەتنىڭ ۋاڭ خۇەيجۇ ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلمىدى. جىنايى ئىشلار رازۋېدكا تېخنىكلىرى خې گوشەن ۋاڭ يەنشىنىڭ دادىسى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەن ئاساسلىق ئەھۋاللارغا ۋە ئۇنىڭ سۆزىگە ئاساسەن، تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، ئۆلگۈچىنى ۋاڭ خۇەيجۇ دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ، دەپ قارىدى ھەمدە ئۆلگۈچىنىڭ ئۆيىدىن چاچ قاتارلىق نەرسىلەرنى تېپىپ ئىلمىي تەكشۈرۈپ بېكىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ۋاڭ خۇەيجۇ، 58ياش، 1995-يىل 5-ئايدا ئايالى جاڭ شېڭلەن بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەن، يوقاپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئىككىنچى ئوغلى ۋاڭ يەنجۇڭ بىلەن بىللە ۋاقىتىنچە بۇجىن قورۇسىدىكى 144-نومۇرلۇق ئۆيدە ئولتۇرغان. رازۋېدچىكلار ۋە تېخنىكلار ئۆينى تەكشۈرۈۋېتىپ، كۆمۈرخانىدا ئازراقمۇ كۆمۈر يوقلۇقىنى، تاملارنىڭ ئىسلىشىپ كەتكەن بولۇپ، يەرنىڭ گۈرجەكتە تۈزلەنگەنلىكىنى كۆردى. كۆمۈرخانىدا قېپقالغان نەرسىلەرنى ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئارىسىدا ئادەمنىڭ سۆڭەك پارچىلىرى ۋە قان بارلىقىنى كۆردى، قان تىپىنىڭ ئۆلگۈچىنىڭ قان تىپى بىلەن بىردەك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

(4)

مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى دەرھال ۋاڭ يەنجۇڭنى قولغا ئالدى. ۋاڭ يەنجۇڭ ج خ ساقچىلىرى سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بەرمەي جىم تۇرۇۋالدى، ئىككى كۈن سوراق قىلىنىش ئارقىلىق ئۇ ئاخىرى تۆۋەندىكى جىنايەت پاكىتلىرىنى ئىقرار قىلدى:

1997-يىل 1-ئاينىڭ 12-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 12لەر ئەتراپىدا، ۋاڭ يەنجۇڭ ئۆيدە بىكار ئولتۇرغاندا، دادىسى ئۇنى تۇخۇم، ئۆي قۇشلىرى فېرمىسىنىڭ كەينىدىكى شەھەرلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ دېھقانچىلىق مەيدانىغا بېرىپ بۇلتۇر قېپقالغان 300نەچچە يۈەن ئىش ھەققىنى ئېلىپ، پۇلغا كۆمۈر، ئۇن سېتىۋېلىپ ئەكېلىشنى بۇيرۇغان، ۋاڭ يەنجۇڭ: «سېنىڭ بىگىسىڭ بولغاندىكىن، ئۆزۈڭ بېرىپ ئەكەلمەمسەن؟» دەپ دادىسى بىلەن سوقۇشۇپ قالغان. دادىسى ئۇنى ئىككى شاپىلاق سالغان. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى يومداقلىشىپ كەتكەن. دادىسى ئۇنى لاخشىگىر بىلەن ئۇرغان. ئۇمۇ نوغۇچ بىلەن دادىسىنىڭ بېشىغا قاتتىق ئىككىنى ئۇرغان. دادىسى يەرگە يىقىلىپ چۈشكەندىن كېيىن، ئۇ دادىسىنىڭ ئارقا مېڭىسىگە يەنە بىرنەچچىنى سېلىۋەتكەن ۋە دادىسىنىڭ جىمىقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئىشىكنى تاقاپ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن. 13-چىسلا قايتىپ كېلىپ جەسەتنى سۆرەپ كۆمۈرخانىغا ئەكىرىپ قويغان. 14-چىسلا چۈشتىن بۇرۇن، ئۇ دادىسىنىڭ كىيىم-كېچەك، كىرلىكلىرىنى جەسەتكە يېپىپ، كىرسىن چېچىپ ئوت قويۇۋېتىپ، ئىنىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكەن.

15-چىسلا، ئۇ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، جەسەتنىڭ كۆيۈپ قارىداپ كەتكەنلىكىنى، لېكىن كۆيۈپ بولالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، تاشلىۋەتمەكچى بولغان. لېكىن ئۇ ئۆزى يالغۇز كۆتۈرەلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جەسەتنى بەش پارچە قىلىپ پارچىلاپ، ئىككى خالتىغا قاچىلاپ، كۈن ئولتۇراي دېگەندە، جەسەتنى ئۈچ چاقلىق ھارۋىغا سېلىپ، ئالتە كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، ئىلگىرى ئۆزى مەدىكارچىلىق قىلغان فېرمىنىڭ كەينىدىكى كېرەكسىز سۇنى چىقىرىۋېتىش ئېرىقىغا تاشلىۋەتكەن. ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، كۆمۈرخانىنى تازىلاپ، سۆڭەك پارچىلىرىنى بىر خالتىغا قاچىلاپ، ئۆينىڭ يېنىدىكى بىر ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋەتكەن.

ساقچى تەرەپ ۋاڭ يەنجۇڭنىڭ ئۆيىدىن پالتا بىلەن قىڭراقنى تاپىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئۈچ چاقلىق ھارۋىسىنى ئېلىپ كېتىدۇ. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇلارنىڭ ۋاڭ يەنجۇڭ دادىسىنى ئۆلتۈرگەندە ئىشلەتكەن قاتىللىق قورالى ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ.

(5)

ۋاڭ يەنجۇڭنىڭ پۈتكۈل دېلو سادىر قىلىش جەريانى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسىنى تەھلىل قىلغاندا، ئۇنىڭ دادىسىنى ئۆلتۈرۈشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب تۆۋەندىكىچە:

1. مەدەنىيەت ساپاسى تۆۋەن، ئەخلاق ئېڭى ناچار، قانۇن كۆزقارىشى ئاجىز.
2. ئىچ مىجەز، ئۆزىنى تەڭشەش ئىقتىدارى ئاجىز، جىمغۇر، جاھىل، بەزى ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغاندا، ئۆزىنى باسالمايدۇ.
3. ئائىلىسىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىناق بولمىغان. بۇ مۇناسىۋەت تۇغقاندارچىلىققىمۇ ئوخشىمىغان. ئەر-خوتۇن ھەدېگەندىلا سوقۇشۇپ، ئاخىرى ئاجرىشىپ كەتكەن. بۇ شۈبھىسىزكى، ۋاڭ يەنجۇڭنىڭ روھى جەھەتتىن پىششىپ يېتىلىشىگە مەلۇم تەسىر كۆرسەتكەن. ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلەلمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە دادىسىنىڭ دائىملىق تىل-ئاھانىتى ۋە ئاددىي تەربىيىسى، ئۇنىڭدا قارشىلىشىش پىسخىكىسىنى شەكىللەندۈرگەن، ئۇ تاكاللىشىشتىن قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىشكە قاراپ ماڭغان.

قاھار ئوسمان (ت)

# پارتلاش دېلوسى يۈز بەرگەندىن كېيىن

**(1)**

بۇ نېمە بولغىنى؟ يۈز ۋە قوللىرىمغا تەككەن نەرسە نېمە بولغىيتتى؟ نېمىشقا بۇنچە سوغاق ھەم قاتتىق؟ ھە! بۇ سېمونت يەر ئىكەنغۇ. نېمىشقا يەردە ياتىمەن؟ بۇقەيەر؟ كۆزلىرىم نېمىشقا ئېچىلىپ قالغاندەك ئېغىر؟ نېمە چاپلىشىۋالغان بولغىيتتى؟ بۇ زادى نېمە ئىشتۇ-ھە؟

ئاھ! ئېسىمگە كەلدى، تېخى ھېلىلا بىر ئاۋاز، ناھايىتى كۈچلۈك بىر ئاۋاز ياڭرىغاندەك قىلىۋىدى، بىراق بۇ نېمىنىڭ ئاۋازىدۇ؟ زەمبىرەك ئاۋازى؟ چاقماق چاقتىمۇيا؟ ياق، مېگەم پارتلاپ كېتىدىغاندەك ئاغرىماقتا. بۇ پارتلاش ئاۋازىمۇ قانداق؟ توغرا، بۇ پارتلاش ئاۋازى. تېخى ھېلىلا رېستوراندىن چىققان ئەمەسمىدىم؟ ئارقا تەرىپىمدىن پارتلىغان ئاۋازنى ئاڭلىدىم، يەر-جاھان كۆمپەيكۆم بولغاندەك بولدى-دە، ھېچنېمىنى بىلەلمىدىم.

پارتلاش ئېسىمگە كەلگەندە بىردىنلا چۆچۈپ كەتتىم، رېستوراندا تېخى ناھايىتى كۆپ ئادەم بار ئەمەسمىدى؟ چاتاق بولدى، مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم-دە، كاللامدىن ساقچىغا مەلۇم قىلىش خىيالى كەچتى. لېكىن قەيەردىكى ساقچىخانىغا مەلۇم قىلىمەن؟ ج خ ئورگىنىنىڭ دېجورنىلىك تېلېفوننى بىلمەيمەن. شۇ دەقىقىدە «119»يادىمغا كەلدى. بۇ ۋاقىتتا پارتلاش ئاۋازىنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئۆپۈر-تۆپۈر بولۇشۇپ، بۇ يەرگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىشىۋاتاتتى. مەن ئۆمىلەپ تۇرغىنىمچە دەلدەڭشىپ تېلېفون بوتكىسىغا قاراپ چاپتىم. «119»تېلېفون تروپكىسىنى ئېلىپ«پارتلاش! پارتلاش! كېچىك شىر كىنىدە پارتلاش يۈز بەردى!»دەپ ۋارقىرىدىم. بۇ كېچىك شىر كىنىنىڭ شوپۇرى ۋېي گوڭنىڭ يارىلانغاندىن كېيىنكى ھەقىقىي ئەسلىمىسى.

**(2)**

1996-يىل 10-ئاينىڭ 26-كۈنى كەچ سائەت 8يېرىمدا، كېچىك شىر كىنىنىڭ رېستورانىدا چىراقلار چاقناپ تۇراتتى. دىرېكتور سۇن ۋېيگو ۋەئۇنىڭ ئىشداشلىرى ئىككى ئۈستەلدە تاماق يېگەچ خۇشال - خۇرام، كۈلكە - چاقچاق قىلىشىپ قىزلىق كەيپىياتىغا چۆمگەن ئىدى. دەل مۇشۇ چاغدا ئۇششىسىگە سېرىق سومكا ئارتىۋالغان 20نەچچە ياشلاردىكى ئورۇقراق كەلگەن بىر ياش كىرىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئىسمى جاڭ يىدې بولۇپ، گەنسۇ ئۆلكىسىدىن كەلگەن ئاققۇن ئىكەن. شىنجاڭدا ھېچبىر ھىمايىچىسى بولمىغاچقا كېچىك شىر كىنىدە مەدىكارچىلىق قىلغان. ئىككى كۈن بۇرۇن چېچىنى بۇدرە قىلىپ مودا پوسۇندا يۇرۇش كويىدا يۈرگەچكە دىرېكتور تەرىپىدىن تەنقىد قىلىنغان. ئۇ خاتالىقىنى كەمتەرلىك بىلەن تونۇمىغاچقا، ئىشتىن بوشىتىلغان. ئۇ تەرىنى تۇرۇپ، تاماق يەۋاتقان خادىملارغا: «سىلەر چىقىپ كېتىڭلار، بۇ يەردە سىلەرنىڭ ئىشىڭلار يوق»دېگەن. تاماقلىنىۋاتقان ياشلار چىقىپ كەتكەن. ئۇ دىرېكتور سۇن ۋېيگو ۋە چوڭلار ئولتۇرغان ئۈستەلگە كېلىپ: «سىلەرمۇ چىقىپ كېتىڭلار»دېگەن. دىرېكتور سۇن ۋېيگو ئۇنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى قىياس قىلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ: «مېنى ئىزدەپ كەلگەن بولساڭ جۇرە، بىز سىرتقا چىقىپ پاراڭلىشايلى»دېگەن. بۇچاغدا سۇن ۋېيگو جاڭ يىدېنىڭ ئالدىدا كىنۇۋېنىپتېخى گېپىنى قىپ بولۇشقا ئۈلگۈرمەيلا، جاڭ يىدې چېتىلغان ئۈچ تال باتارېيىنىڭ ئىككى تال سىمىنى تەككۈزگەن، «گۈم»قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئادەم ۋە تورۇس تېرە-پېرەڭ بولۇپ كەتكەن...

**(3)**

شەنبە. قورغاس ئېغىزى ئوت ئۈچۈرۈش ئەترىتى. جەڭچى ياڭ كۈن سىگنال تېلېفون ئۆيىدە دېجورنىلىك قىلىۋاتاتتى.

سائەت 8دىن 45مىنۇت ئۆتكەندە، ئۇ كېچىك شىر كىنىنىڭ دېلو ھەققىدىكى مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋېلىپ، دەرھال دېجورنى كادىر سۇن ئەيگوغا

دوكلات قىلىندۇ. بۇ گەرچە شەنبە كۈنى كەچ بولسىمۇ ئوت ئۆچۈرۈش جەڭچىلىرى تەييارلىق ھالىتىدە تۇراتتى. شۇڭا دىجورنى كادىرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تەڭ جەڭچىلەر دەرھال نەق مەيدانغا ئاتلىنىدۇ.

كېچىك شىركىتى قورغاس چېگرا شەھىرى سودا بازىرىنىڭ دەرۋازىسى بىلەن يول ئارقىلىق قارشىسىپ تۇرغان يەرگە جايلاشقان. ۋەقە يۈز بەرگەن ئورۇن دەرۋازىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بولۇپ 100مېتىر كېلەتتى. ئەتراپىدا نەچچە مىڭ سودىگەر ئورۇنلاشقان. پارتلاشنىڭ غايەت زور ئاۋازى ھەممە يەرنى زىلزىلىگە سېلىۋەتكەن، پۈتكۈل قورغاس تەۋرەپ كەتكەن. بۇ چاغدا، ۋەقە يۈز بەرگەن جايغا نۇرغۇن ئادەم توپلانغان، يەنە نۇرغۇن ئادەم ئۈپۈر-تۈپۈر بولۇشۇپ ۋەقە يۈز بەرگەن جايغا يۈگۈرۈلۈپ كېلىۋاتاتتى. ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى تېزلىكتە يېتىپ كېلىپ، ج خ شۆبە ئىدارىسى، ساقچىخانا كادىر-ساقچىلىرىنىڭ تېخى يېتىپ كېلەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، توپلىنىۋالغان كىشىلەرنى تارقاقلاشتۇرغاچ نەق مەيداننى قوغدايدۇ، ج خ شۆبە ئىدارىسى، ساقچىخانىغا دېلو مەلۇم قىلىشقا ئادەم ئەۋەتكەچ يارىلانغانلارنى قۇتقۇزۇشقا كىرىشىدۇ. ۋەقە يۈز بەرگەن رېستوراننىڭ ئىشىكى مۈتىمە - تۆشۈك بولۇپ كەتكەن، ئىشىك كېشەكلىرى پارە-پارچە بولۇپ كەتكەن. قويۇق ئىس- تۈتەك ۋە قان ھىدى ھەممە يەرنى بىر ئالغان. ئاللىقاچان كەچ كىرىپ كەتكەچكە رېستوراننى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان. سون ئەيگو شوپۇرنى ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسىنىڭ چىرىقىنى ياندۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ، بەنجاڭ جاڭ شۇگۈي ۋە باشقا ئىككى جەڭچىنى باشلاپ قول چىرىقى كۆتۈرگەن كېچىك شىركىتىنىڭ پېشقەدەم گۈزەتچىسىنىڭ يول باشلىشى بىلەن رېستورانغا كىرىدۇ. ئىس - تۈتەك، قان ھىدى دىماقنى ئېچىشتۇراتتى. رېستوران خارابىلىققا ئايلانغان. بىرنەچچە پەنەركىلىك تورۇس ئاللىقاچان پارە-پارە بولۇپ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن، تاماق ئۈستەللىرى، ئورۇندۇقلار بۇزۇلۇپ كەتكەن. بىر ئادەمنىڭ ئۈچەيلىرى چۇۋۇلۇپ ، ئۇ ئاللىقاچان ئۆلگەن ئىدى. سول ياندا بىر ئادەم ئولتۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ تۇراتتى. سون ئەيگو، جاڭ شۇگۈي ئۇنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىدۇ. جەڭچى خې يۇڭجياڭ ئۈستەل ئاستىدا ئىككى پۇتنى كۆرۈپ قالىدۇ-دە، ئۇنى تارتىدۇ. ئىڭرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ تىرىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ جەڭچى جومىڭخۇڭ بىلەن ئۇنى قۇتقۇزۇپ چىقىدۇ. كۆپ ئۆتمەيلا ئۇلار تۆت ئادەمنى قۇتقۇزۇپ ماشىنا توسۇپ دوختۇرخانىغا تېزلىكتە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ج خ شۆبە ئىدارىسى، ساقچىخانىدىكىلەرمۇ يېتىپ كېلىپ، ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىدىكىلەر بىلەن داۋاملىق نەق مەيداننى تەكشۈرىدۇ، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە نەق مەيداندا 3 ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىكى، 7 ئادەمنىڭ يارىلانغانلىقى، بۇنىڭ ئىچىدە 4 ئادەمنىڭ ئېغىر يارىلانغانلىقى ئېنىقلىنىدۇ.

نەق مەيدان تەكشۈرۈلۈپ بولۇنغاندىن كېيىن، ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىنىڭ ۋەزىپىسى تۈگىدى دېيىشكە بولاتتى. لېكىن 10-ئاينىڭ 26-كۈنى، ج خ شۆبە ئىدارىسى مۇھىم، زور بىر دېلونى پاش قىلىۋاتقاچقا، ساقچىخانىدىكىلەر تۆت نەپەر ئېغىر يارىدارنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتكەچكە ھەقىقەتەنمۇ نەق مەيداننى قوغداشقا ئادەم ئاجرىتالمىغان ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ج خ شۆبە ئىدارىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى دۇڭ زېڭجۇەن سون ئەيگوغا ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، نەق مەيداننى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئۈستىگە ئېلىشىنى ئۈمىتلىدۇ. سون ئەيگو قىلچە ئىككىلەنمەستىن دەرھال ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىدىكى بىر بەن ئادەمنى ئاجرىتىپ نەق مەيداننى قوغدايدۇ. 10-ئاينىڭ 27-كۈنى، ئىلى ئوبلاستلىق سىياسىي-قانۇن كومىتېتى، ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسى نەق مەيداننى تەھقىقلەشكە يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن يېتىپ كېلىدۇ. 27-كۈنى كەچ يەنە ئىككى نەپەر جەڭچىنى نەق مەيدانغا بېرىپ دىجورنىلىق قىلىشقا ئەۋەتىدۇ.

**(4)**

پارتلاش ۋەقەسى شەنبە كۈنى كەچ يۈز بەرگەندە، قورغاس ئېغىزىدىكى خىزمەتچى خادىملار غۇلجا شەھىرىدە دەم ئېلىۋاتاتتى. ئۇ كېچىسى قاتتىق يامغۇر ياغقان ئىدى. ۋەقە يۈز بېرىپ بىر يېرىم سائەت ئۆتكەندە، غۇلجا شەھىرىدە دەم ئېلىۋاتقان قورغاس ئېغىزى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ليۇشۇ ئېغىزدا نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان رەھبەرلەرنىڭ مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ دەرھال ئىدارىدا خىزمەتلەرگە بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى زاخان، ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى كاكىمغا دوكلات قىلىدۇ ھەمدە كېچىلەپ ماشىنا كىرا قىلىپ يامغۇرغا قارىماي قورغاس ئېغىزىغا قايتىدۇ. ئۇ دەرھال كېچىك شىركىتىگە يېتىپ بېرىپ، ج خ شۆبە ئىدارىسى، ساقچىخانا بىلەن ھەمكارلىشىپ نەق مەيداننى تەكشۈرىدۇ، ئەھۋال ئىگىلەيدۇ. ليۇ شۇي ھال سوراش جەريانىدا، كېچىك شىركىتىدىكىلەردىن ئىلى دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بېرىلغان تۆت نەپەر ئېغىر يارىدارنىڭ پۇلى بولمىغانلىقتىن دوختۇرخانىغا كىرەلمىگەنلىكىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى خۇاڭغا دوكلات قىلىدۇ. ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت تېزدىن مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقى كاكىمنىڭ باشچىلىقىدا خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ دوختۇرخانىغا بېرىپ يىغىن ئېچىپ، كاراۋات ئورۇنلاشتۇرىدۇ. دوختۇرخانا جىددىي قۇتقۇزۇشقا كىرىشىدۇ. كېچىك شىركىتىدە جەمئىي 14 ئادەم بولۇپ 3 ئادەم ئۆلگەن، 7 ئادەم يارىلانغان، بۇنىڭ ئىچىدە تۆت ئادەم ئېغىر يارىلانغان ئىدى. قالغانلىرى ياخشى بىر تەرەپ قىلىندى. ئوبلاستلىق سىياسىي-قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى تۇڭ يارىدارلارنى كېچىلەپ ئېلىپ كەلگەن ئېغىز ساقچىخانىسىنىڭ بەش ساقچىسىنىڭ يارىدارلارنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مەمنۇن بولىدۇ. 5-تارماق ئەترەت رەھبەرلىرى بىربەن جەڭچىنى دوختۇرخانىغا ئەۋەتىدۇ.

ئەخمەت راخمان(ت)

# چۈمۈلە دەرەخنى قانداقمۇ لىڭشىتالىسۇن

ئىلى ۋىلايىتىنىڭ تېررورلۇق، زوراۋانلىق ھەرىكىتىگە زەربە بېرىش خاتىرىسى

گوسۇڭيۈەن

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى 9-ئاينىڭ 17-كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى). مۇخبىر نۇۋەتتە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋەزىيىتى قانداق؟ دەپ سورىغاندا، ۋاڭ لېچۈەن ئالدىنقى بىر مەزگىل شىنجاڭدا ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، پاراكەندىچىلىك قىلىش ۋەقەلىرى سادىر بولدى، بۇنى ئىنتايىن ئاز ساندىكى يامان ئادەملەر قىلغان، ئۇلارنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە زادىلا ياقمىدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى، دېدى.**

**«5- فېۋرال» ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، پاراكەندىچىلىك قىلىش ۋەقەسى**

1977 - يىل 2-ئاينىڭ 5-كۈنى، چاغدانغا ئىككى كۈن، روزى ھېيتقا بەش كۈن قالغان ئىدى. سائەت 10دا، 300دىن ئارتۇقراق ئادەم توپلىشىپ، ئەكسىلئىنقىلابى شوئار يېزىلغان ئاق پىلاكات كۆتىرىپ غۇلجا شەھىرىنىڭ تاشلەپكى بازىرى ئېغىزىدىن چىقىپ، ئازادلىق يولىغا كىرىپ، «باج تاپشۇرمايمىز»، «ھۆكۈمەتنىڭ نەرسىسىنى ئالمايمىز»، «بۈگۈن كۆچىمىزنى ئىشقا سېلىپ كاپىرلار بىلەن كۈرەش قىلايلى» دېگەنگە ئوخشاش ئەكسىيەتچىل شوئارنى توۋلىدى، ئۇلارنىڭ نوخۇلىسى تولىمۇ ئۆسۈپ كەتكەن بولۇپ، رەزىل ئەپتى - بەشىرىسىنى ئاشكارىلىغانىدى.

غۇلجا شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى ساقچى كۈچى يىغىپ نەق مەيدانغا ئۇچقاندەك يېتىپ باردى. ئىلى ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسى قوراللىق ساقچى قىسىملارنىڭ ياردەم قىلىشى ھەققىدە جىددىي ئورۇنلاشتۇرۇش قىلدى.

ج خ كادىر -ساقچىلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، بوستان كىنوخانىسى بىلەن باغچا كوچىسىغىچە بولغان يول بۆلىكىدە مۇھاسىرە ھاسىل قىلىپ، قانۇنسىز نامايىش قىلغان قوشۇننى توستى. غەلىيانچىلار قولىغا تاياق - توقماق، خەنجەر ئېلىپ قاتناش ساقچىلىرىمىزدىن سەككىزنى زەخىملەندۈردى، قاتناش ساقچىلىرىغا، خەلق ساقچىلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئەخمەتجان كوچىسىغا بېسىپ كىرىپ نامايىشنى داۋاملاشتۇردى. ج خ كادىر -ساقچىلىرىمىز ئۆزىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي نامايىش قوشۇنىنى داۋاملىق توستى، غەلىيانچىلار نەسىھەتنى ئاڭلىماي، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى.

ئىلى ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسىنىڭ زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش تارماق ئەترىتى يېتىپ كەلدى.

قوراللىق ساقچى قىسىم 5-تارماق ئەترىتىنىڭ جەڭچىلىرى يېتىپ كەلدى.

ج خ كادىر-ساقچىلىرىمىز بىلەن قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرىمىز غەۋغا چىقارغانلارنى ئىلى ۋىلايەتلىك ۋالى مەھكىمىسى قورۇسىدا قورشىۋېلىپ، ئابدۇجېلىل قاتارلىق باش جىنايەتچىنى، تايانچ ئۇنسۇرنى قولغا چۈشۈردى.

شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، غۇلجا شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا نۇرغۇن كىشىلەر يىغىلىۋالغان بولۇپ، بۇ توپنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان ئەسكى ئادەملەر ئاممىنى ج خ ئىدارىسىغا ھۇجۇم قىلىشقا قۇتراتتى. ج خ كادىر-ساقچىلىرىمىز، قوراللىق ساقچى قىسىمنىڭ كوماندىر- جەڭچىلىرى، بازارنى جەڭچىلىرى نەق مەيدانىنى قاتتىق تىزگىنلىدى. مۇناسىۋەتلىك جايلار بىلەن تۆت كوچا ئېغىزىنى قامال قىلدى.

ئوبلاست، ۋىلايەت، شەھەر رەھبەرلىرى نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ، ئوبلاست، ۋىلايەت، شەھەردىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك ج خ ئورگىنى رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى مۇھاكىمە قىلدى ھەمدە غۇلجا شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىدا

نەق مەيدانغا قوماندانلىق قىلىش شتابى تەسىس قىلدى. ج خ، قوراللىق ساقچى، بازارنى ئوفتسېر-جەڭچىلىرى ئاساسلىق بوللارغا بېرىپ جىددىي ھەرىكەت ئېلىپ باردى. غەليانچىلار ئاما ئىچىگە بوشۇرۇنۇۋېلىپ داۋاملىق ئىش تېرىدى.

ئۇلار بولدىن ئۆتنۋاتقان ماشىنىلارنى ۋۆمزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان ساقچى ماشىنىسىنى كۆيدۈردى ۋە ئۇرۇپ چاقتى. بولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىگۇناھ ئاممىنى ئۇرۇپ دۇمبالىدى، ج خ كادىر-ساقچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرىنى زەخمىلەندۈردى.

2-ئاينىڭ 6-كۈنى غەليانچىلار داۋاملىق ئەسكىلىك قىلىپ، ۋەقەنى يامان تەرەپكە قاراپ ئەۋج ئالدۇردى. ئىچكىرىدىن ئىشلەشكە كەلگەن 50ياشلار چامىسىدىكى ھارۋىكەش غالىبيەت بولىنىڭ جەنۇبى تەرىپىگە كەلگەندە بىر توپ غەليانچىلار تاش، كېسەك، تاياق - توقماق بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. باش ئەر - خوتۇن چاغانلاپ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىش ئۈچۈن شەھەرلىك دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدىكى تۆت كوچىغا كەلگەندە، بىر توپ غەليانچىلار تەرىپىدىن دۇمبالاندى. ئۇلار ئايالىنىڭ چېچىنى يۇلۇپ، كېسىپ، چىرايىنى تىلىۋەتتى ھەمدە ئۇنى تېپىپ - دەسسەپ نەق مەيداندا ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئەرنىمۇ ئېغىر زەخىملەندۈردى. بىر ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسى ئائىلىسىگە قايتىش ئۈچۈن ئالغا كوچىسىغا كەلگەندە، غەليانچىلار تەرىپىدىن تاش - كېسەك بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلدى، يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ بىر كاتىپى ئىلى كوچىسى ئېغىزىدا غەليانچىلار تەرىپىدىن پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈلۈپ كۆيدۈرۈۋېتىلدى. بىر توپ غەليانچىلار يېڭى يول كوچىسىدىكى بىر ئائىلىگە باستۇرۇپ كىرىپ بىر ئائىلىلىك ئۈچ جاننىڭ ھەممىسىنى ئېغىر زەخمىلەندۈردى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىلى ۋەقەسىنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەسقەت كەرىمباي، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، سىياسىي -قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى فېڭزى كېچىلەپ ئىلىغا يېتىپ كېلىپ خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلدى. ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى كاڭ كېچيەن باشچىلىقىدا بىرلەشمە قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جاڭ گولياڭ باش قوماندانلىقىدىكى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابى بىرلەشمە قوماندانلىق شتابىنىڭ تۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە قارارىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مەسئۇل بولدى. ئەسقەت كەرىمباي، لى فېڭزى، كاڭ كېچەنلەر بۇ جەڭگە ئوبدان قوماندانلىق قىلىش ئۈچۈن كۈنتى تۈنگە ئۇلاپ ئىشلىدى.

غۇلجا شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ 1-، 2-نومۇرلۇق بۇيرۇقى ئارقا - ئارقىدىن تېلېۋىزوردا كۆرسىتىلدى.

غۇلجا شەھرىنىڭ باشلىقى پولات بىلەن ئىلى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىسى قۇربانجان ئىلگىر-كېيىن بولۇپ تېلېۋىزىيە نۇتقى سۆزلىدى.

5-فېۋرالدىن باشلاپ، غەليانچىلارنىڭ قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قاتناش تىزگىنلەندى.

## قارا قول كىم؟

«5-فېۋرال» ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسىدىكى قارا قول كىم؟

ئىلىدىكى ھەرمىللەت خەلقى تۈگىمىس يۈز بەرگەن ئازابلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، چوڭقۇر ئويلاندى. . .

بىرلەشمە قوماندانلىق شتابى تاسادىپىي يۈز بەرگەن بۇ قېتىمقى ۋەقەنى تېزلىك بىلەن تىنجىتقاندىن كېيىن، ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى ئىلمىي ۋە ئەتراپلىق تەھلىل قىلدى، پەردە ئارقىسىدىكى قوماندانىنى ئىزلىدى. . .

1995-يىلىلا، ئابدۇجېلىل قاتارلىقلار بوستان مېھمانخانىسىدا«ئىلى ياشلار مەشرەپى»تەسىس قىلىش يىغىنى ئاچتى. بۇ زوراۋان، تېررورچىلار مەشرەپنى ئىبارەت ئاما ياخشى كۆرىدىغان خەلق ئىچىدىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت پائالىيىتى ئارقىلىق ئۆزىنى يوشۇرۇپ، تۈنجى«ئىلى ياشلار پۇتبول چېمپىيونلۇق تالىشىش مۇسابىقىسى»ئۆتكۈزۈش نامى بىلەن بەزى ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئالداپ مەجبۇرىي قاتناشتۇرۇپ، 14-ئاۋغۇست قانۇنسىز نامايىش ئېلىپ باردى.

ئوبلاستلىق، ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋاقتىدا ئەھۋال ئىگىلەپ، توغرا تەدبىر قوللانغانلىقتىن، «14-ئاۋغۇست»ۋەقەسى تېز تىنجىدى. 1996- يىل مايدا، ئىلىدا«تەبلىق»دەيدىغان قانۇنسىز دىنىي تەشكىلات بايقالدى. غۇلجا شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى نۇرغۇن دەلىل-ئىسپاتلارنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، 1997-يىلى 24-يانۋار ئۇلار يوشۇرۇنغان جايدىن ئاساسلىق جىنايەتچى ئابابەكرىنىڭ ئايالىنى قولغا چۈشۈردى. بەنە ئىسلام پارتىيىسىنىڭ تايانچىلىرى، 1996-يىلى«27-دېكابىر»خوتەن يىغىنىغا ئىلىدىن قاتناشقان«ۋەكىل»لەر قايتىپ كېلىپ بىر چوڭ سۇيىقەستنى پىلانلىدى ۋە تەشكىللىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرسى بىرلەشمە قوماندانلىق شتابىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. بۇ ئادەم دەل 1991-يىلى«5-ئۆكتەبىر»ئەكسىلئىنقىلابى تەشكىلات دېلوسىدىكى ئاساسلىق جىنايەتچى بولۇپ، قانۇن تورىدىن قېچىپ كەتكەنىدى. 1992-يىلى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ئىسلاھات پارتىيىسىنى قۇرغان. ئۆزى كاتىباش بولغان ھەمدە

شۇ يىلى 5-فېۋرال ئورۇمچىدە جۇڭگو-چەت ئەللەرنى زىلزىلىگە سالغان 5-فېۋرال پارتلىتىش دېلوسىنى پەيدا قىلغان، نەچچە ئون ئادەم زەخمىلەنگەن؛ يەتتە ئادەم ئۆلگەن. تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرىنىڭ كۆپىنچىسى تۇتۇۋېلىنغان بولسىمۇ، پەقەت شۇلا قېچىپ كەتكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن ئىكەن.

ئۇ راستىنلا چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەنمۇ؟ ئۇنىڭ ئىلىدا يۈز بەرگەن «5-فېۋرال» ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

بىرلەشمە قوماندانلىق شتابى بۇ ئادەمنىڭ يېقىنقى ۋاقىتتىكى يېڭى ئەھۋالىنى ئىگىلەش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ ئادەم دېل ئىبراھىم ئىسمايىل ئىدى.

## «8- فېۋرال» دىكى ئوق ئاۋازى

«5-فېۋرال» ۋەقەسى ج خ، قوراللىق ساقچى قىسىملىرىمىز تەرىپىدىن تىنجىتىلدى. قانۇن تورىدىن چۈشۈپ قالغان جىنايەتچىلەر يېزىغا قېچىپ بېرىپ، شەھەر بىلەن يېزا تۇتىشىدىغان جايدا بىز بىلەن داۋاملىق قارشىلاشتى.

8-فېۋرال چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتىدىن 10 مىنۇت ئۆتكەندە، غۇلجا شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىدىكىلەر جىددىي كەيپىياتقا چۆمگەنىدى ھەمدە جەڭگە تەييار تۇرماقتا ئىدى. قوراللىق ساقچى قىسىم ئوبلاستلىق تارماق ئەترىتى غۇلجا ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ يەتتە جەڭچىسى سىياسىي يېتەكچى رېيىمجاننىڭ يول باشلىشى بىلەن ، ج خ كادىر-ساقچىلىرىغا ماسلىشىپ مۇھىم بىر ۋەزىپىنى ئىجرا قىلدى.

ئىشەنچلىك ئاخباراتقا قارىغاندا، ئىسلام ئاللا پارتىيىسىدىكى تاپانچ ئۆنسۇر، 1996-يىلى «27-نويابىر» خوتەن يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىل، «5-فېۋرال» غۇلجا ۋەقەسىدىكى تاپانچ ئۆنسۇر ئابدۇرازاق مۆمىن، زىيابىدىن خەلپەت قاتارلىقلار غۇلجا ناھىيىسىدىكى بوشۇرۇنۇش جايىغا قېچىپ بېرىۋالغان. ج خ ئورگانلىرىمىز ئۇلارنى چاقماق تېزلىكىدە قولغا ئېلىشنى قارار قىلدى. كەچ سائەت ئالتىدىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، رېيىمجان ئۈچ جەڭچىنى باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى لىۋ، ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى يەنمىڭگە ئەگىشىپ جىنايەتچى بوشۇرۇنغان يېزىغا يۈرۈپ كەتتى. مۇئاۋىن نازىر لىۋ بىلەن لى يەنمىڭ ساقچىخانىدا تۇرۇپ قوماندانلىق قىلىپ، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى چىقاردى. رېيىمجان جەڭچىلەرنى باشلاپ چاقماق تېزلىكىدە سەزدۈرمەستىن زىيابىدىن خەلپەتنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا يېتىپ باردى. ئۇ بەر شەكلىنى ئوبدان كۆرۈۋېلىپ بىر جەڭچىگە دەرۋازىنىڭ ئاستىدىن ھويلىغا كىرىشكە بۇيرۇق قىلدى. دەرۋازا ئېچىلىشىغا رېيىمجان جەڭچىلەرنى باشلاپ زىيابىدىن خەلپەتنىڭ ئۆيىگە ئېتىلىپ كىردى، زىيابىدىن خەلپەت تاماق يەۋاتقان ئىدى. 50 ياشتىن ئاشقان، زوراۋان تېررورچىلار گۇرۇھىنىڭ بۇ كاتىبىيىشى ئىنتايىن ناش يۈرەك ئىدى. ئۇ تاماق يېگەچ كېيىنكى قەدەمدىكى ھەرىكەت ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقانىكەن، قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرىنىڭ ئاسماندىن چۈشكەندەك ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغانلىقى چۈشىگىمۇ كىرىپ باقمىغانىكەن. ئۇ قارشىلىق كۆرسىتەلمەيلا بولۇشتى، رېيىمجان ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى بېسىپ، قولىغا كويزا سېلىپ، ج خ كادىر-ساقچىلىرىغا تاپشۇرۇپ بەردى. كەچ سائەت 7 دىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە، رېيىمجانلار جىنايەتچىنى يالاپ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىگە كېلىپ تېخى دەم ئالا-ئالمايلا، غەليانچىلارنى تۇتۇشتا قوراللىق قارشىلىققا ئۇچرىغان يەنە بىر گۇرۇپپىغا ياردەم قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالدى. ئابلەت مۆمىن بىلەن ئابدۇرازاق مۆمىننى تۇتۇش ئۈچۈن ماڭغاندا، ج خ كادىر-ساقچىلىرى بىلەن قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرى ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ ھەرىكەت قىلدى. ج خ باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەنۋەر باشچىلىق قىلغان 1-گۇرۇپپا ئابلەت مۆمىننى ئوڭۇشلۇق تۇتقان، 2-گۇرۇپپا ئابدۇرازاق مۆمىننى تۇتۇشقا ماڭغاندا، غەليانچىلارنىڭ قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىشىگە ئۇچرىغان. قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرى يۈگۈرۈپ كەلگەن غەليانچىلارنى قورال بىلەن ئۇجۇقتۇرغان.

ئەنۋەر قوماندانلىق قىلغان 1-گۇرۇپپا ئابلەت مۆمىننىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇۋاتقاندا، 2-گۇرۇپپا تەرەپتىن ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەنۋەر بىرنەچچە ئادەمنى باشلاپ 2-گۇرۇپپىغا ياردەم بەردى. يولدا بىر غەليانچى تۇيۇقسىز قويندىن پالتىنى ئېلىپ ئەنۋەرنىڭ بېشىغا بىرنى چاپتى، ئەنۋەر چەبدەسلىك بىلەن ھېلىقى ئادەمنى بىر پاي ئوق بىلەن يەرگە يىقىتتى. ياردەمچى كۈچلەر يېتىپ كەلدى. غەليانچىلارنىڭ ئۆيى قورشىۋېلىندى. رېيىمجان ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، ئابدۇرازاق مۆمىننىڭ دەرۋازىسىغا يېقىنلىشىپ، ھويلىغا قاراپ: «غەليانچىلار قورال تاشلاپ تەسلىم بولۇپ كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىشنى قولغا كەلتۈرۈڭلار» دەپ ۋارقىرىدى. ئەتىسى، سەھەر سائەت بىردە، زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش خادىملىرى ئۆيگە بېسىپ كىردى، غەليانچىلارنىڭ قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىشى مەغلۇپ بولدى.

## ئاپەت يىلتىزىنى چوڭقۇر قېزىش

بىز دەسلەپكى قەدەمدە غەلىبىنى قولغا كەلتۈردۇق. دۈشمەن مەغلۇپ بولغانلىقىغا تەن بەرمىدى. 5.ئايدىن باشلاپ، زوراۋانلار، تېرروررچىلار شايكىسىدىكىلەر تېخىمۇ چوڭ سۈيىقەستنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قەدىمىنى روشەن ھالدا تېزلەتتى.

دۈشمەن ئەھۋالى ئېغىر ئىدى، باش جىنايەتچى ئىبراھىم ئىسمايىل ئىدى. ئىشەنچلىك ئاخبارات ئىگىلىگەن ئىگىلىشىگە قارىغاندا، «5.فېۋرال» ۋەقەسىنى ئۆزى قولى بىلەن پىلانلاپ، تەشكىللىگىنىدىن كېيىن، ھەممىنى مەيدان ئەترىپىدا قوماندانلىق قىلغانىكەن، چەت ئەلگە قېچىپ كەتمەكچى بولغانىكەن، يەنىلا ئىلى رايونىدا ئىكەن. بىرلەشمە قوماندانلىق شتابى ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئوبلاست، ۋىلايەتتىكى ج خ تارماقلىرىدىكى مەسئۇل بولداشلاردىن تەشكىللەنگەن ئۈچ كىشىلىك قوماندانلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ئىبراھىم ئىسمايىلنىڭ ۋە ئەترىپىدىكى ئاساسلىق ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتىنى ئىنىقلاپ، ئۇلارغا قاتتىق زەربە بېرىشنى قارار قىلدى.

5.ئاينىڭ 22.كۈنى، تاكسى شوپۇرى لى جۈنتى باشقىلار ئالداپ غۇلجا شەھىرى كېپەكيۈزى يېزىسىنىڭ 3.كەنتىگە ئېلىپ كەلگەن، ئادەم يوق جايدا، جىنايەتچىلەر ئۇنىڭ گېلىنى سىقىپ بىرنەچچە پىچاق تىقىپ نەق مەيداندا ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ماشىنىنى ھەيدەپ قېچىپ كەتكەن. دېلو يۈز بەرگەندىن كېيىن، شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى خې چۈەنباۋ كىچىلەپ نەق مەيدانغا يېتىپ بېرىپ، رازۋېدچىكلار بىلەن نەق مەيداننى تەكشۈرۈپ، دېلونى تەھلىل قىلىپ، جىنايەت گۇماندارى ماشىنىنى ھەيدەپ جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە قاچقان دەپ جەزملەشتۈردى. ئۇلار دېلو ئەھۋالىنى ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتىگە مەلۇم قىلدى. ئىككى كۈندىن كېيىن، يەنى 5.ئاينىڭ 24.كۈنى خېجىڭ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى: ماشىنا بۇلاپ ئادەم ئۆلتۈرگەن جىنايەتچى خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ بالغۇنتاي دېگەن جايىدىن ئۆتكەندە تۇتۇۋالدۇق، دەپ خۇش خەۋەر بەردى ھەم قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانماقچى بولغانلىقى مەلۇم بولدى.

6.ئاينىڭ 18.كۈنى، خې چۈەنباۋ تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان زوراۋانلار، تېرروررچىلار شايكىسىدىكى ئاساسىي جىنايەتچى قۇربان ھۆسىيىن بىلەن ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىسىنىڭ شۇ كۈنى غۇلجا شەھىرىنىڭ مەلۇم جايىدا بىر تۈرلۈك پارتلىتىپ تېرروررلۇق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشنى پىلانلىغانلىقى توغرىسىدىكى مەلۇماتقا ئىگە بولدى. خې چۈەنباۋ دەرھال بىرلەشمە قوماندانلىق شتابىغا دوكلات قىلىش بىلەن بىرۋاقىتتا، ساقچى كۈچلىرىنى تەشكىلەپ ئۇلارنى تۇتۇشقا تەييارلىق كۆردى.

ج خ كادىر-ساقچىلىرى يۇقىراچە كىيىنىپ، ھەرخىل سالاھىيەت بىلەن ئۆزىنى يوشۇرۇپ، زەھەرلىك يىلاننىڭ ئۇۋىسىدىن چىقىشىنى كۈتتى. سائەت بەشتىن ئاشقاندا، ئىككى جىنايەتچى بىر قورۇدىن چىقىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي تۇرغاندا، ج خ خادىملىرىمىز قولغا چۈشۈردى، ئىككى جىنايەتچىنىڭ بېنىدىن «51» تىپلىق قورال، ئۆزى ياسىۋالغان تاپانچا، ئوق، گىرانات قاتارلىقلار چىقتى. ج خ خادىملىرىمىز يەنە ھېلىقى ھويلىغا كىرىپ ئۇنى يوشۇرۇپ قويغۇچىنى تۇتتى.

شۇ كۈنى كەچ سائەت سەككىزدىن 30مىنۇت ئۆتكەندە، بىرلەشمە قوماندانلىق شتابىنىڭ قوماندانلىقىدىكى شۆبە ئەترەت ئىلى دەرياسى بولىغا بېرىپ تېرروررچى جىنايەتچىلەر يوشۇرۇنغان ئۆيدىن بىرنى تۇتتى. جىنايەتچىلەر جاھىللىق قىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئۆي ئىچىدە تۇرۇپ تۆت دانە گىراناتنى سىرتقا ئاتتى، ئۇنىڭ ئۈچى ج خ كادىر-ساقچىلىرىمىزنىڭ يېنىدا پارتلىدى. ج خ كادىر-ساقچىلىرىمىز خەۋپتىن قورقماي دەرھال ئوق چىقىرىپ قايتارما زەربە بەردى. ئوت كۈچىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئۆيگە ئېتىلىپ كىرىپ، تۆت جىنايەتچىنى بىراقلا قولغا چۈشۈردى. نەق مەيداندىن ئۇۋ مىلتىقىنىڭ كاپسۇلى، ئوق، پارتلىتىش قورۇلمىسى، ئوق، پىستان، توك پىستان، ئۆزى ياسىۋالغان گىرانات قاتارلىق قوراللارنى قولغا چۈشۈردى.

ج خ خادىملىرى كېچىلەپ سوراق قىلىپ، يەنە شۇ كۈنى كەچتە زوراۋانلار، تېرروررچىلار قورال-ياراق ياسايدىغان يەر ئاستى ئۆيىدىن بىرنى ئېنىقلاپ چىقتى.

خەلق ساقچىسى يالقۇن قاتارلىق ئۈچەيلەن زوراۋانلار، تېرروررچىلار شايكىسىنىڭ ئاساسلىق كاتىپىشى نۇرئەخمەتنى تۇتماقچى بولغاندا، جىنايەتچى يېنىدىن تاپانچا بىلەن پارتلاتقۇچ بومبا چىقىرىپ جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەندە، يالقۇن چەبدەسلىك بىلەن تېز تەدبىر قوللىنىپ، جىنايەتچىنى بويسۇندۇردى.

6.ئاينىڭ 26.كۈنى سەھەردە، چارلاش شۆبە ئەترىتى چارلاش جەريانىدا ھەرىكىتى گۇمانلىق ئىككى كىشىنى بايقاپ، نەق مەيداندا تۇتۇۋالدى. سوراق قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ بىرسىنىڭ زوراۋان تېرروررچىلارنىڭ ئاساسلىق تايانچىسى، «26.ئىيۇل» ئەكسىيەتچىل نەشرىيات ۋەرەقىسى

تارقىتىشنى ئاساسلىق لايىھىلىگۈچى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. 6-ئاينىڭ 2-كۈنىدىن 28-كۈنىگىچە، 10نەچچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق شايكىسىنى يوقىتىپ، كۆپ مىقداردىكى قورال-ياراغ، ئوق دورا، پارتلىتىش قورۇلمىسى قاتارلىقلار ۋە بىر تۈركۈم قورال-ياراغ ياساش سايمانلىرىنى قولغا چۈشۈردى.

سوراق قىلىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق، بىز بوقاتقان بۇزوراۋانلار، تېررورچىلار شايكىسىنىڭ ئىبراھىم ئىسمايىلنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇندىغانلىقى ئېنىقلاندى. تونۇلغان تايانچ ئونسۇرلارنىڭ بىرسى ئىبراھىم ئىسمايىلنىڭ قوغدىغۇچىسى ئىكەن.

## غۇلجا ناھىيىسىدىكى «26-ئىيول»، «28-ئىيول» قانلىق دېلوسى

25-ئىيول بىرىم كېچىدە، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ مازار يېزىسىدىكى دۆڭلۈكتە زوراۋانلار، تېررورچىلار شايكىسى مەخپىي يىغىن ئاچقان. باش جىنايەتچى ئابدۇسەلىم يىغىندا: «خەۋەر كەلدى، بۇ گۇنالاھەرىكەتلىنەيلى، بىرىنچىدىن، تەشۋىقات ۋەرەقىسى تارقىتىمىز، ئىككىنچىدىن، جاۋبوگېجىنى ئۆلتۈرىمىز» دېدى. جاۋبوگېجى مازاريېزىسىدا ئۆلتۈرۈشلۈق ئاددىي دېھقان بولۇپ، كەنتتىكى ئۇيغۇر دېھقانلار بىلەن ئىناق ئۆتەتتى. دائىم كۆپچىلىككە ياخشى ئىش قىلىپ بېرەتتى. ئۇنىڭ ئايالى تىككۈچى بولۇپ، ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ كىيىمىنى تىكىپ بېرەتتى ھەمدە ئۇيغۇرلاردىن شاگىرت قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا تىككۈچىلىكنى ئۆگەتكەن ئىدى. شۇڭا ئۇ زوراۋانلار، تېررورچىلارنىڭ ئۆلتۈرۈش نىشانى بولۇپ قالغان. 6-ئاينىڭ 26-كۈنى، ئابدۇسەلىم قاتارلىقلار جاۋيۇگېجىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئەر-خوتۇن ئىككىيلەننى ئۇرۇپ، دەسسەپ، چەيلەپ، پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

6-ئاينىڭ 25-كۈنى كەچ سائەت 9ئەتراپىدا، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ چولۇقاي يېزىسى تار مەھەللىسىنىڭ ئاياق تەرىپىدىكى قومۇلۇقتا زوراۋانلار، تېررورچىلار يىغىن ئېچىپ، قەستلەپ ئۆلتۈرۈش تىزىملىكىنى تۈرغۈزۈپ، «ھازىردىن باشلاپ چولۇقايدىكى خائىنلارغا قارىتا ھەرىكەت قوللىنىشقا بولىدۇ» دەپ جار سالدى.

6-ئاينىڭ 26-كۈنى سەھەر سائەت ئىككىدىن 45مىنۇت ئۆتكەندە، چولۇقاي يېزىلىق بىرلەشمە مۇداپىئە ئەترىتىنىڭ خادىمى نىيازمۇرا بازاردا چارلاش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، نىقابلانغان ئۈچ ئادەمنىڭ قەستلىشىگە ئۇچرىدى. نىيازمۇرا ئۇلار بىلەن ئېلىشىپ ئۆزىنى قوغدىغان بولسىمۇ، بىراق ئاخىرى ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەي ئېغىر زەخىملەندى.

6-ئاينىڭ 25-كۈنى، غۇلجا ناھىيىسى تۇرپانيۈزى يېزىسى كېپەكيۈزى كەنتىدىكى تۇرسۇن مۇھەممەت، ئىمام ھەسەن، ئالىم مەسلىھەتلىشىپ، كاتتىباشلىرىنىڭ شۇ كەنتتىكى «خائىن»لارنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى يەتكۈزگەن. 26-چىسلا سەھەردە، ئۇلار كەنت ئامانلىق قوغداش ئاكتىپى تۇرسۇن مۇھەممەت ھاكىمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنى ئۇرۇپ، دەسسەپ، ئۆلتۈرۈۋەتكەن، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، غۇلجا ناھىيىسى پەنجىم يېزىسىدىكى خەمىتنىڭ ئۆيىدە ئىمىنجان، خەمىت، مۇمىن كاتتىباشلىرىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، شۇ كەنتتىكى قەستلەپ ئۆلتۈرۈدىغانلارنىڭ تىزىملىكىنى بېكىتكەن. كەچ سائەت توققۇز ئەتراپىدا، خەمىت قاتارلىقلار يېڭى مەھەللە كەنتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئامانلىق ساقلاش مۇدىرى، كومپارتىيە ئەزاسى قاسىم ھوشۇرنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنىڭ بوينىنى بوغۇپ، ئۇنى چاناپ، نەق مەيداندىلا ئۆلتۈرۈۋەتكەن. 6-ئاينىڭ 28-كۈنى سەھەردە، غۇلجا ناھىيىسى ئارائۆستەڭ يېزىسىنىڭ تۆۋەنكى مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئاباس بىرنەچچە غەلىيانچىنى ئېتىزلىققا مۆكتۈرۈپ قويغان، ئۇلار ساقچىخانا كادىر -ساقچىلىرىمىز ۋە بىرلەشمە مۇداپىئە ئەترىتىنىڭ خادىملىرى چارلاش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، چارلاش ماشىنىسىغا بېنزىن چېچىپ پارتلىتىۋەتتى. تۆت كادىر-ساقچى بىلەن بىرلەشمە مۇداپىئە ئەترىتىنىڭ خادىمىنى كۆيدۈرۈپ زەخىملەندۈردى. بىرلەشمە مۇداپىئە ئەترىتىنىڭ خادىمى سادىقجان سىدىق ئېغىر دەرىجىدە كۆيۈپ كەتكەنلىكتىن، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى. چارلاش ماشىنىسى كۆيۈپ كەتتى.

## بىرلىكتە قوغلاپ تۇتۇش

غۇلجا ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن «26-ئىيول»، «28-ئىيول» بىر قاتار زوراۋانلىق، تېررورلۇق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈش، ساقچىلارغا ھۇجۇم قىلىش دېلوسىنى پاش قىلىش جېڭىنى جىددىي ئېچىپ بېرىپ، 36كۈن ئىچىدىلا بەش چوڭ دېلونى پۈتۈنلەي پاش قىلدى.

جاۋيوگېجى ئەر-خوتۇننى ئۆلتۈرۈۋېتىش دېلوسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، جىنايەتچىلەر كېچىلەپ قېچىپ ئارقا تاغقا مۆكۈۋېلىپ، تۇتۇش خىزمىتىگە ئىنتايىن چوڭ قىيىنچىلىق ئېلىپ كەلدى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى جابولباي ئارقا تاغنىڭ مۇدىرى ئوسمانجان، مۇئاۋىن مۇدىرى مۇقان، ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى

لى پېيراڭ بىلەن بىرگە جەڭگە ئاتلاندى. . .

بىزنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمىمىز ئالدىدا، جىنايەتچىلەر ئالاقزادە بولۇپ، پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. 10 جىنايەتچى ئۆلگەن. كېيىن بولۇپ ئۆزىنى لەمۇم قىلدى. جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن توققۇز جىنايەتچى ئۆلگەن. كېيىن بولۇپ قولغا چۈشتى. ئەمما ئىككى ئاساسلىق جىنايەتچى قېچىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمىدى. ئىككى ئاساسلىق جىنايەتچىنى تېز تۇتۇپ، ئاپەتنى يوقىتىش ئۈچۈن، ناھىيىلىك ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابىنى دۆڭمازارغا كۆچۈرۈپ بېرىپ يېڭى قوغلاپ تۇتۇش لايىھىسى تۈزدى. ئاخىرى بۇ ئىككى جىنايەتچىنىڭ ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى قونالغۇ مۇكۇۋالغانلىقىنى باشقىلار پاش قىلدى. ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاڭ كېباۋ دەرھال ج خ كادىر-ساقچىلىرىنى ۋەقۇراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرىنى باشلاپ بېرىپ كېلىشىپ قويغان جايدا چازا قۇرۇپ يوشۇرۇنۇپ زەربە بېرىپ، تۆت سائەت 50 مىنۇت ئىچىدە ئىككى جىنايەتچىنى تۇتتى.

«28-ئىيول» زوراۋانلىق قىلىپ ساقچىلارغا ھۇجۇم قىلىش دېلوسى يۈز بەرگەن نەق مەيداندا پارتلىماي قالغان بىنزىن پارتلاتقۇچنىڭ پارچىسى تېپىلدى. جىنايەت گۇماندارلىرى يەنە ئىقرار قىلمىدى. جاڭ كېباۋ جەڭگە قاتناشقان كادىر-ساقچىلار بىلەن بىرلىكتە دېلو ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىپ لايىھە تۈزۈپ چىقتى. نۇقتىسىق تېگى-تەكتىنى ئىگىلەپ، ئايرىپ سوراق قىلىپ، ئاخىرىدا، قېچىپ يۈرگەن ئابباس ئابدۇكېرىم قاتارلىق ئالتە جىنايەتچىنى تۇتتى.

سوراق قىلىش ئارقىلىق، بەش قانلىق دېلودىكى جىنايەتچىلەر پەردە ئارقىسىدا قوماندانلىق قىلغۇچى ئىبراھىم ئىسمايىل ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلدى. ئىبراھىم ئىسمايىل ئاللا پارتىيىسىدىكى جاھىل ئۇنسۇر، ئىسلام ئىسلاھات پارتىيىسىنىڭ كاتىبىشى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت، زورلۇق، تېررورلۇق جىنايىتىنىڭ باشلىقى، تۇتۇش بۇيرۇقى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، رادىئو ئىستانسىسىدا تارقىتىلدى. پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ چوڭ - كىچىك كوچىلىرىغا چاپلاندى. ج خ ئورگانلىرى پۈتۈن مەملىكەتكە ئىبراھىم ئىسمايىلنى تۇتۇش توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ئۇنى تۇتۇپ بەرگەنلەرگە 100 مىڭ يۈەن ئىنئام بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى.

## ئىبراھىم ئىسمايىلنى تىرىك تۇتۇپ، 15-قۇرۇلتاينىڭ چاقىرىلىشىنى كۈتۈۋېلىش

بىرلەشمە قوماندانلىق شتابى لى يېنمىڭ باش قوماندان، شىي خېنتىڭ، ئەنۋەر مۇئاۋىن باش قوماندان بولغان ئىبراھىم ئىسمايىلنى تۇتۇش قوماندانلىق سىستېمىسى قۇردى، پۈتۈن ۋىلايەتتىكى 9 ناھىيە، شەھەر بىلەن 4-دىۋىزىيەدىكى ج خ ئورگانلىرى پۈتۈن كۈچ بىلەن جەڭگە ئاتلاندى ھەمدە ئالاقىدار تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، ئەتراپلىق ھەم ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇردى.

8-ئاينىڭ 13-كۈنى، ئوبلاستلىق پارتكوم ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىش يىغىنى ئاچتى. ئوبلاست، ۋىلايەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى بىلەن سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىلىرى كەلدى. ئوبلاستلىق، ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرى قاتناشتى. غۇلجا ناھىيىسى، غۇلجا شەھىرىنىڭ 1-، 2-قول باشلىقلىرى ۋە ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرى كەلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتىنىڭ نازىرى جاڭ شيۇمىڭ، مۇئاۋىن نازىر مۇھەممەت روزىلارمۇ يىغىنغا قاتناشتى. كاڭ كېجيەن يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى جاكارلىغاندىن كېيىن، بۇ يىغىننىڭ ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىش يىغىنى ئىكەنلىكىنى ئىزاھلىدى. ئەمدىلا بەش چوڭ دېلونى پاش قىلغان غۇلجا ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بىلەن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسىنى ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ پىكرىنى بايان قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. كاڭ كېجيەن كۆپچىلىكنىڭ پىكرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرىدا ۋەزىيەت توغرىسىدىكى كۆزقارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىرقانچە ئايلىق زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتىگە زەربە بېرىش نەتىجىسى زور بولدى، ئىبراھىم ئىسمايىلنىڭ تايانچىلىرى، قورۇقچىلىرى، چاپارمەنلىرى تۇتۇلدى، بۇرۇن ئالدانغانلار ئىبراھىم ئىسمايىلنىڭ جىنايىتىنى تونۇپ يەتتى. ئۇنى پاش قىلىدىغانلار كۆپەيدى، تۇتۇش بۇيرۇقىنىڭ چىقىرىلىشى ناھايىتى چوڭ رول ئوينىدى. ھازىر يەنە كۈچ چىقىرىشىمىز كېرەك، دېدى. سەل تۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ئادىتى بويىچە «ئىبراھىم ئىسمايىلنى تىرىك تۇتۇپ، پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىنىڭ چاقىرىلىشىنى كۈتۈۋېلىشىمىز كېرەك، كۆپچىلىك قانداق قارايسىلەر؟» دېدى.

ئەتىسى، ئوبلاستلىق پارتكومىيەنە ئوبلاست، ۋىلايەت، كادىرلارىغىنى ئاچتى. يىغىندا كاڭ كىجيەن جاكارلاپ مۇنداق دېدى: سالماقنى ئاشۇرۇپ، 15-قۇرۇلتايئېچىلىشىدىن بۇرۇن ئىبراھىم ئىسمايىلنى تۇتۇپ، 15-قۇرۇلتايغاسوۋغاقىلىشىمىز لازىم ھەم ئىلىدىن ئىبارەت بۇ زېمىندا15-قۇرۇلتايىنىڭ ئالدى. كەينىدە قەتئىي ئىش چىقماسلىققاھەققىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنى خاتىرجەم قىلىشىمىز كېرەك، دېدى. زالدا گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى ياڭرىدى. بەزىبولداشلار 15-قۇرۇلتايدىن بۇرۇن ئىبراھىم ئىسمايىلنى قولغاچۈشۈرەلمەسلىكتىن ئەنسىرىدى. كۆپچىلىك ئىبراھىم ئىسمايىلنى تېزرەك قولغا چۈشۈرۈشنى ئۈمىد قىلدى.

## تۈلكە ھەرقانچە ھىيلىگەر بولسىمۇ ئوۋچىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ

8-ئاينىڭ 17-كۈنى كەچتە، غۇلجا ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاڭ كېباۋ ئىبراھىم ئىسمايىلنىڭ 18-چىسلا غۇلجا شەھىرىدىكى مەلۇم جايغا كېلىپ بوشۇرۇنماقچى بولغانلىقى توغرىسىدىكى ئاخباراتقا ئىگە بولۇپ، بىر كېچە كىرپىك قاقماي، بۇ قېتىمقى تۇتۇش ھەرىكىتىنىڭ كونكرېت لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتى-دە، لايىھىنى ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى جاڭ جىنخۇاغا دوكلات قىلدى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئىدارىگە قايتىپ كېلىپ يىغىن ئېچىپ، ھەرىكەت گۇرۇپپىسىدىن بەتتىنى تەشكىللىدى.

18-چىسلا چۈشتە بەتتە گۇرۇۋپپىغا ماشىنا بىلەن يولغا چىقىشقا بۇيرۇق بەردى.

ماشىنا تېز سۈرەتتە قارادۇڭ يېزىسىنىڭ جىرغىلاڭ كەنتىگە كەلدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت بەش بولغاندا، يەنىلا شەپە بولمىدى. تۆت -بەش سائەت ساقلىدى. سائەت توققۇز بولغاندا، ئىبراھىم ئىسمايىلنىڭ شەھەر رايونىغا يۆتكەلگەنلىكى توغرىسىدا يېڭى ئاخبارات كەلدى.

جاڭ كېباۋ ھەرقايسى گۇرۇپپىلارغا تېزدىن غۇلجا شەھىرىدىكى قازانچى ساقچىخانىسىغا بېرىپ بۇيرۇق كۈتۈش توغرىسىدا بۇيرۇق قىلدى.

ئىككى گۇرۇپپا پوستا تۇرۇپ، جىنايەتچى قېچىپ كېتىش ئېھتىمالى بولغان يولنى توستى. قوغلاپ تۇتۇش گۇرۇپپىسى نۇقتىلىق گۇمانلىق بولغان ئۈچ قورۇنى تېزگىنلىدى، ئاختۇردى. 1-گۇماندارنى تۇتتى، جاڭ كېباۋ ئۇنىڭ تەن قۇرۇلۇشى ۋە چىرايىغا قاراپ، بۇ ئىبراھىم ئىسمايىلغا ئوخشايدىكەن، دەپ قارىدى. بىردەمدىن كېيىن، ساقچىلار يەنە بىر ئادەمنى تۇتتى. بۇئادەم ئىككى كۆزىنى مەھكەم يۇمۇۋېلىپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. جاڭ كېباۋ بۇ ئادەمنىڭ چىرايى، تۇرقىغا سەپ سالدى. قاڭقىپ ئۇنىڭدىن ئۇيغۇرچە: ئىسمىڭ نېمە؟ دەپ سورىدى. ھېلىقى ئادەم يەنە كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ، بوينىنى تولغاپ، جاۋاب بەرمىدى. جاڭ كېباۋ غەزەپ بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى قايرىپ، ئىنچىكە كۆزىتىپ باقماقچى بولدى. بۇ چاغدا بۇرۇن ئىبراھىم ئىسمايىلنى كۆرگەن مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ئابلا ھاشىم بىلەن بۆلۈم باشلىقى رەيقەت كېلىپ پۈتۈن مەملىكەتكە تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان مۇھىم جىنايەتچى، ئىلىدىكى زوراۋانلار، تېررورچىلار شايكىسىنىڭ كاتتىبېشى ئىبراھىم ئىسمايىل ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى.

ئوبلاستلىق پارتكوم شۇجىسى كاڭ كېجەين غۇلجا ناھىيىلىك پارتكومغا تېلېفون بېرىپ، ئوبلاستلىق پارتكومغا ۋە ئوبلاستنىكى ھەرمىللەت خەلقىگە ۋەكالىتەن ئۇلارغا تەشەككۈر ئېيتتى ھەمدە ئوبلاستلىق پارتكومدىن ئىككى نەپەر دائىمىي ھەيئەتنى كېچىلەپ غۇلجا ناھىيىسىگە بېرىپ جەڭگە قاتناشقان كادىر-ساقچىلاردىن ھال سوراشقا ئەۋەتتى.

ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، غۇلجا ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتنى ج خ كادىر-ساقچىلىرىنى مۇكاپاتلىدى.

ھاشىمجان ئىسمايىل (ت)




بۇيىل 3-ئاينىڭ 4-كۈنى، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە قاراشلىق ياپچان بازارلىق ھۆكۈمەت 4-كەنتىنىڭ 7-مەھەللىسىدىكى قاسىم تۇردىنىڭ ئۆيىدىن بىر دانە ئوۋ مىلتىقى ئوغرىلاپ كېتىلىدۇ. بۇ، يېڭىشەھەر ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە جىنايى ئىشلار رازۋېدكا ئەترىتىنىڭ قاتتىق دىققىتىنى قوزغايدۇ. دېلو ھەققىدە مەلۇمات تاپشۇرۇۋېلىنىپ يېرىم سائەت ۋاقىت ئىچىدە، ئىدارىنىڭ جىنايى ئىشلارغا مەسئۇل باشلىقى تۇرسۇن سىدىق، جىنايى ئىشلار رازۋېدكا ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىم سابىر ۋە ئەترەت ئەزالىرىدىن مەخمۇتجان، مەمەتئېلى، مىرادىل قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىدىكى كادىرلار نەق مەيدانغا يېتىپ بارىدۇ.

رازۋېدكا خادىملىرى نەق مەيداننى تەپسىلىي تەكشۈرگەن بولسىمۇ، ئىشەنچلىك يىپ ئۇچىغا ئىگە بولالمايدۇ. پەقەت، دەھلىز ئۆينىڭ ئۈستىلىق بىلەن قومۇرۇلۇپ تاشلانغان زەنجىرى، ئىشىك ۋە زەنجىردىكى جىنايەت ئۆتكۈزۈشتە ئىشلىتىلگەن قورالنىڭ ئىزى، ئارقا ئىشىكنىڭ زەنجىر بېكىتىلگەن ياغاچتىكى بۇزۇش ئىزى، شۇنىڭدەك، گۇماندارنىڭ ئۆي ئىچىگە كىرىپ پۇل ۋە قىممەتلىك مال-مۈلۈككە تەگمەي، بىر دانە ئوۋ مىلتىقى (بۇخىل ئوۋ مىلتىقى بەزىلىكتە «ئاخۇت» دەپ ئاتىلىدۇ) نى ئوغرىلاپ چىقىپ كەتكەنلىكى بايقىلىدۇ. ئۇ بۇ دېلونى ئوۋ خۇمار كىشىلەر سادىر قىلغان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ.

ئابدۇرېھىم سابىر باشچىلىقىدىكى رازۋېدچىكلار ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئارقىلىق، دېلو يۈز بەرگەن ئۆينىڭ شىمالىغا 200 مېتىرچە كېلىدىغان جاڭگال يولدىن گۇمانلىق بىر ئاياق ئىزىنى بايقايدۇ-دە، دەرھال ئاياق ئىزىنى ھاك بىلەن قاتۇرۇپ ئېلىۋالىدۇ.

نەق مەيدان بىر قۇر تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن، رازۋېدچىكلار تەھلىل قىلىپلا: «بۈگۈن ياپچاننىڭ بازار كۈنى بولغاچقا، دېلو يۈز بەرگەن بۇ ئۆينىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ تۇرىدىغان ئادەم كۆپ، دېلو سادىر قىلغۇچىنىڭ مۇشۇ كۈننى تاللاپ ھەرىكەت قىلغىنىغا قارىغاندا، دېلو سادىر قىلغۇچىدا ئالدىنئالا تەييارلىق بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە رازۋېدكا دائىرىسىنى بېكىتىشكىمۇ قىيىن. دائىرىنى ئالدىراقسانلىق بىلەن بەلگىلەپ، قارىغۇچىلارچە ئىش قىلغاندا، دېلو سادىر قىلغۇچىنى ھۈركىتىپ قويىمىز-دە، ئاۋارىچىلىق تېپىۋالىمىز. شۇڭا، ئالدى بىلەن ئادەم دائىرىسىنى ئەمەس، يۇرت دائىرىسىنى بېكىتىش بەكرەك مۇھىم» دەپ قارايدۇ. ئىدارە باشلىقى تۇرسۇن سىدىق پەرەزگە ئاساسەن، بۇقېتىمقى ئەقلى خۇلاسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

رازۋېدچىكلار تەكشۈرۈشنى مەخپىي ۋە كەڭ تۈردە قانات يايدۇرىدۇ. بۇ دېلودىن خەۋەر تاپقان قەشقەر ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرىمۇ ياپچانغا كېلىپ، دېلونىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇرىدۇ.

ياپچاننىڭ دائىرىسى كەڭ، ئويلاق-ئورمانلىق كۆپ بولۇپ، بۆركۈت، قارچىغا، ئوۋ ئىتلىرى ۋە ئوۋ مىلتىقىدا ئوۋچىلىق قىلىپ كۆڭۈل ئاچىدىغانلار كۆپ ئىدى. قورال يوشۇرۇپ قويغۇچى ياپچان بازارلىق ئامانەت قەرز كوپېراتىپىنىڭ كادىرى قاسىم تۇردى ج خ ئورگانلىرى پۇقرالارنىڭ قولىدىكى تارقاق قورالنى يىغىۋالغان چاغدا ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن قورالنى ج خ ئورگانلىرىغا تاپشۇرمىغانلىقىنى ئىقرار قىلىدۇ.

— سەندە قورال بارلىقىنى كىملەر بىلەتتى؟ — دەپ سورىدى رازۋېدچىكلار ئۇنىڭدىن.

— ھۆكۈمەت قورالنى يىغىۋالغان چاغدا مەن ئۇ قورالنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ئوۋچىلىق قىلاتتىم. مۇشۇ يېقىن ئەتراپتىكى كەنتلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭدە قورال بارلىقىنى بىلىدۇ.

— ئۇنداقتا، بىرەرسى قورالنى ئارىيەتكە بېرىپ تۇرۇشنى ئۆتۈنگەنمۇ؟

— ھە راست، ئېسىمگە كەلدى، ئۆتكەن يىل كەچكۈز مەزگىلىدە، بىزنىڭ كەنتنى كېسىپ ئۆتىدىغان بىر زەيكەشلىكتە ئۆردەك ئوۋلاۋاتسام، ياپچاننىڭ تېرەكبوستان 5-كەنتىدىكى بىرسى: «ئاكا، قورالىڭنى بېرىپ تۇرساڭ، 4-5 كۈن ئوۋچىلىق قىلىۋېلىپ قايتۇرۇپ بەرسەم» دېگەن ئىدى، بېرىپ تۇرۇۋىدىم، 4 كۈندىن كېيىن قايتۇرۇپ بەرگەن... . كادىر-ساقچىلار دەرھال 5-كەنتكە بېرىپ قورال ئارىيەت ئالغۇچىنى ياپچان

ساقچىخانىسىغا ئېلىپ كېلىندۇ.

— 4.مارت سەيشەنبە كۈنى نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟

— بازارغا كەلدىم، شۇ.

ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى ۋە گەپ ـ سۆزلىرى قولاشمايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇنىڭ 3.ئاينىڭ باشلىرىدىلا كۆكگۆرلۈق بازلىق ئاياق كىيىۋېلىشى كىشىنىڭ گۇمانىنى قوزغايدۇ.

— 5.مارت چارشەنبە قەيەرگە باردىڭ؟

— مەن. . .مەن گۇڭەنجۇ( ج خ ئىدارىسىنى دېمەكچى) گەباردىم.

— ج خ ئىدارىسىدا نېمە ئىشىڭ بارئىدى؟

— 2.ئايدا مەن مەھەللىدىكى مەسچىتتە چوڭ ئاۋازدا«ئامىن»دەپ توۋلاپ، دىنىي ئىسلاھ قىلماقچى بولغىنىمدا، گۇڭەنجۇدىكىلەر كېلىپ مەمۇرىي جەھەتتىن چارە كۆرگەن، تەربىيە بەرگەن. بۇ قېتىممۇ مەن مەسچىتتە«ئامىن»دەپ توۋلىمىساممۇ مېنى «ئامىن»دەپ توۋلاپتۇ دېگەن گەپ پەيدا بولۇپ قاپتۇ. شۇنى توغرا چۈشەندۈرۈپ قويغىلى بارغان ئىدىم. . .

— نېمىشقا ياز كىرمەستىنلا كۆكگۆرلۈق ئاياق كىيىۋالدىڭ؟

— مەن. . .مەن. . . قىشلىق ئايىغىم يىرتىلىپ كەتكەن، شۇڭا. . .

ئاياق توغرىسىدىكى گەپلەر رازۋېدچىكلارنىڭ پەرىزى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش چىقماقتا ئىدى.

— ئۇ ئايىقىڭ قېنى؟

— مە. . .ن. . .تونۇگۈن. . . ياق، ئۆتكەن يىلى. . .

— راست گەپ قىل! يىرتىلىپ كەتكەن قىشلىق ئايىقىڭ قەيەردە؟

— مەن، مەن. . . ئۇ ئاياقنى كۆيدۈرۈۋەتتىم.

رازۋېدچىكلار ئۇنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق، ئۇنىڭ دىنىي جەھەتتە ئۆچمەنلىك چىققان ئەلۋە ئىكەنلىكىنى، نەگىلا بارسا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قورال ـ ياراق ئىزدەپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى، بۇ دېلو مۇشۇ كىشىدىن پاش بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى ناھايىتى زور دەپ قارايدۇ.

كادىر ـ ساقچىلار كېچە ـ كۈندۈز سوراق قىلىش ئارقىلىق، 7.مارت كەچتە گۇماندار يۈسۈپ ھەسەننىڭ دىسلەپكى ئىقرارىغا ئىگە بولىدۇ ھەمدە ئۇغرىلانغان قورالنى گۇماندارنىڭ سامانلىقىدىن، نەق مەيدانغا كىيىپ بارغان قىشلىق ئايىقىنى باغدىكى كۆمۈكلۈك جايدىن تاپىدۇ.

يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ سوراق قىلىش ئارقىلىق، بۇ دېلودىكى شېرىك جىنايەتچى مەمەتئېلى ئابلامۇ پاش قىلىنىدۇ.

رازۋېدچىكلارنىڭ ئالدىدا يەنە پاش قىلىشقا تېگىشلىك 96.يىلى 21.ئىيۇن يۈز بەرگەن خەنزۇلارنىڭ تاكسىي ماشىنىسىنى بۇلاش دېلوسى، 31.نويابىر كېچىدە يۈز بەرگەن خەنزۇلارنى بۇلاش دېلوسى، نويابىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا يۈز بەرگەن پاختا زاۋۇتىدىن تاي پاختا ئوغرىلىنىپ كېتىش دېلوسى قاتارلىق بىرقاتار دېلولار تۇراتتى. بۇ دېلولارنىڭ ھەممىسى بايچان يېزىسىدا يۈز بەرگەن بولۇپ، ئېنىقچە پاش بولماي كېلىۋاتاتتى.

گۇماندارلار ج خ ئىدارىسىنىڭ سولاقخانىسىغا ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، ئىدارە باشلىقى تۇرسۇن سىدىق، جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىم سابىر، رازۋېدچىك مەخمۇتجان قاتارلىقلار كېچە ـ كۈندۈز ئارام ئالماي سوراق قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

سوراق قىلىش تۈتىنچى كۈنگە قەدەم قويغاندا، گۇماندارلارنىڭ تاقابىل تۇرۇش لىنىيىسى پاچاقلىنىپ، 96.يىل 21.ئىيۇن كېچىدىكى خەنزۇ شوپۇر ۋاڭ يۇگىنىڭ «08968ـ»نومۇرلۇق «شالى»ماركىلىق تاكسىي ماشىنىسىنى بۇقىرىقى ئىككى گۇماندار پىلانلاپ، مەمتىمىن ئىمىن بىلەن بىرلىكتە بۇلاپ مەقسىتىگە يەتكەنلىكى؛ 31.نويابىر كېچىدە بۇقىرىقى ئىككى گۇماندار يەنە مەمتىمىن ئىمىن، ھەززى ئىمىن، ئابدۇقېيۇم تۇرسۇن(ھازىرغىچە قېچىپ يۈرۈۋاتىدۇ)قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ، بايچان پاختا زاۋۇتىغا پاختا سېتىپ ئۆيلىرىگە قايتىۋاتقان لي جېلىڭ، لي دېمىڭ، شى شيەنجى، شى جېيۇن قاتارلىق خەنزۇلارنى ئۇرۇپ زەخىملەندۈرۈپ، 1280يۈەن نەق پۇلنى بۇلىغانلىقى؛ نويابىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا بايچان پاختا زاۋۇتىغا كېچىدە تامدىن ئارتىلىپ ئۈچ قېتىم كىرىپ، جەمئىي 15تاي پاختىنى ئوغرىلاپ كامىل ئابلا قاتارلىقلار بىلەن ھايىنىغا سېتىۋەتكەنلىكى قاتارلىق جىنايى قىلمىشلىرىنى تەلتۆكۈس تاپشۇرىدۇ.

بۇ، قەشقەردە «مەركەزلىك تۇزەش، قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشى قانات يايدۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە قولغا كەلتۈرگەن تۇنجى زور غەلىبە.



9905 گىرام خېروئىننى قولغا چۈشۈرۈش خاتىرىسى

دەي شيۇڭ

يېقىندا، ئاخبارات ئورۇنلىرى 10-ئاينىڭ 7-كۈنى مەن بېجىرگەن زەھەر دېلوسىنى ئارقىمۇ-ئارقا خەۋەر قىلدى. شۇ كۈنى مەن 9905 گىرام خېروئىننى قولغا چۈشۈرگەن ئىدىم. بۇ، شىنجاڭ ج خ سىستېمىسىدا ھازىرغىچە قولغا چۈشۈرۈلگەن زەھەر مىقدارىنىڭ ئەڭ يۇقىرى رېكورتى ئىدى.

5-ئاينىڭ 17-كۈنى ھاۋا بەكلا تۇتۇق ئىدى. چۈشتىن بۇرۇن، مەن ئىشخانىدا پاش قىلىش ھەققىدە تېلېفون ئالدىم. قارشى تەرەپ تېلېفوندا: «لاۋشەن دەيدىغان بىر گۇئاڭشىلىق زەھەر ئەتكەسچىسى دائىم ئۈرۈمچىدە خېروئىن سودىسى قىلىدۇ، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە ئۇ يەنە پويىز ئىستانسىسىغا بېرىپ، خېروئىن تاپشۇرۇپ ئالماقچى» دېدى. مەن لاۋشەن دېگەننىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئادرېسىنى تەپسىلىي سورىۋىدىم، قارشى تەرەپ: «پاكار ھەم سېمىز. H مېھمانخانىنىڭ 213-ئۆيىدە تۇرىدۇ» دېدى-دە، تېلېفوننى قويۇۋەتتى. دەرھال ھەمرىيىم لاۋدۇمىن بىلەن شىياۋرۇەننى چاقىردىم-دە، پۇقراچە كىيىنىپ، بىرلىكتە H مېھمانخانىغا يۈرۈپ كەتتۇق. H مېھمانخانىسىدا بىز بىكار تەلەپ ئادەملەردەك لاغايلاپ يۈردۇق. كۆزلىرىمىز بولسا 213-ئۆينىڭ ئىشىكىدە ئىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت 4لەردە 213-ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، بىر ئوتتۇرا ياش ئادەم چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ بوي-بەستى تېمەن، پاكار ھەم سېمىز ئىدى. يۈزى گۆشلۈك، ئۈچىسىغا ئېسىل كاستيۇم-بۇرۇلكا كەيگەن، قولىدا يان تېلېفون كۆتۈرىۋالغان بولۇپ، جەمئىيەتتىكى چوڭكاملارغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ دەل لاۋشەن ئىكەنلىكىگە گەپ كەتمەيتتى. لاۋشەن زال ئىچىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتىپ چىقتى، ئىككىمىزنىڭ كۆزى ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ مېنىڭ كىملىكىمنى بىلمەيتتى، ئەلۋەتتە. مەن لاۋشەننىڭ مېھمانخانىدىن چىقىپ، تاكسىدىن بىرنى توسىۋالغىنىنى، ئۇدۇل پويىز ئىستانسىسى تەرەپكە قاراپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇردۇم. بىز ئۇنىڭ ماشىنىسىنىڭ كەينىگە چۈشتۇق.

پويىز ئىستانسىسىدا لاۋشەن تاكسىدىن چۈشۈپ، پويىز سۇپىسىغا قاراپ ماڭدى. لاۋشەننىڭ بويى پاكار بولغاچقا، ئادەم توپىغا كىرىپلا كەتسە، ئۇنى چېلىقتۇرماق تەس ئىدى. ئىككى-ئۈچ ئايلانغاندىن كېيىن بىز ئۇنى دېگەندەك تاپالماي قالدۇق. كۆپچىلىك جىددىيلىشىپ قالدى. بىز دەرھال بۆلۈنۈپ ئىزلەشكە كىرىشتۇق. بۇ چاغدا قېرىشقاندەك تۇيۇقسىزلا قاتتىق يامغۇر يېغىپ ھەممە يەرنى چىلىق-چىلىق قىلىۋەتتى. بىز بىرنەچچە ئادەم يېقىن جايدىكى ئاممىۋي ھاجەتخانىنىڭ لەمپىسى ئاستىغا كىرىپ يامغۇردىن پاناھلاندۇق. بۇ چاغدا، يامغۇردىن پاناھلاپ كەلگەن بىر ئادەم مېنىڭ ئارقامغا كۆچەپ قىسىلىپ كىرىپ، مېنى لەمپە سىرتىغا ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتى. راسا ئاچچىقىم كەلدى-دە، كەينىمگە ئۆرۈلۈپ ئۇنىڭغا: «نېمىگە قىستايسەن!» دەپ ۋارقىرىدىم. ئويلىمىغان يەردىن مېنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇكى، بۇ ئادەم دەل لاۋشەن ئىدى.

ۋاھالەنكى، لاۋشەن يېنىدىكى خەۋپنى ھېس قىلماي تېخىچە بويىنىنى سوزۇپ، مال ئەكىلىپ بېرىدىغان ئادەمنى ئىزلەۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ئۇ يامغۇر ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرگىنىچە، ھېلىلا پويىزدىن چۈشكەن بىر ئەر، بىر ئايالنىڭ كەينىدىن سۈڭگۈشۈپ ماڭدى. مەن ھېلىقى ئەر-ئايالنى ئىنچىكە كۆزەتكەندىن كېيىن، لاۋدۇمىن بىلەن شىياۋرۇەنگە: «ئۇلار يۈنەنلىك ئىكەن، قارىغاندا لاۋشەن بۈگۈن ئادەم ئەمەستەك قىلىدۇ، ئۇنىڭ مېلى يۈنەندىن بىۋاسىتە كەلتۈرۈلىدىكەن ئەمەسمۇ» دېدىم. «تۇتايلى، جۇ ئاكا» دېدى ئۇ. لاۋدۇمىن: «بۈگۈنكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، لاۋشەننىڭ زەھەر ئېلىپ-ساتىدىغان ئالاھىدە بىر يولى بار ئوخشايدۇ. بىز يىپىنى ئۇزۇن قويۇۋېتىپ، بېلىقنىڭ چوڭىنى تۇتىمىزمۇ قانداق؟» دېدى. مەن ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ، ھازىرچە ئۇلارنى چۆچۈتۈپ قويماسلىقنى، پۇرسەت كۈتۈپ، بىر چىرايلىق جەڭ قىلىشنى قارار قىلدىم.

لاۋشەن غەربىي شىمال زەھەر ئېلىپ-سېتىش چەمبىرىكىدىكى داڭدار «دادەي» (زەھەر ئەتكەسچىلىرىنىڭ خوجايىنلىرىنى ئاتايدىغان ئاتاق

سۆزى)، ئۇ1992-يىلدىن باشلاپ زەھەر ئېلىپ سېتىشنى باشلىغان لاۋشەننىڭ مىجەزى ئۇچۇق، «ئوغۇلبالىچىلىقى» بار، يەنە كېلىپ ئىقتىسادىي كۈچى كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇناھايىتى تېزلا «ئالتۇن ئۇچبۇرجەك» كەتۈتىشىدىغان زەھەر ئېلىپ سېتىش بولنى ئاچقان. ئۇ دائىم ھەر گىرامىنى نەچچە ئون يۈەنلىك تۆۋەن باھا بىلەن يۈننەن ئارقىلىق «ئالتۇن ئۇچبۇرجەك» تىن ساپلىق دەرىجىسى يۇقىرى خېروئىنلارنى سېتىۋېلىپ، نەچچە ھەسسە يۇقىرى باھا بىلەن گەنسۇ، شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردىكى زەھەر ئېلىپ ساتقۇچىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدىكەن، ئاندىن كېيىن بۇ ئادەملەر يەنە گىرامىنى نەچچە يۈز يۈەندىن زەھەر چەككۈچىلەرگە پارچە ساتىدىكەن. لاۋشەن ئۆزىنىڭ زەھەر ئېلىپ - سېتىش جىنايىتى تارىخىدا بىر نەچچە قېتىم خەتەرگە يولۇققان بولسىمۇ، لېكىن ھەرقېتىمدا ئوڭۇشلۇق قۇتۇلۇپ كەتكەن. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، تەلىيى ئوڭدىن كېلىۋەرگەچكە، ئاخىرى بۇ يىل 9-ئايدا، ئۇ يەنە بىر چوڭ سودىنى پىلانلىغان.

9-ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا، ئۇ گەنسۇدىن ئالايىتەن يۈننەنگە بېرىپ، يۈننەنلىك زەھەر ئەتكەسچىسى ئاشىاۋ ۋە ئايۇن بىلەن مەخپىي ئۇچرىشىدۇ. ئىككى تەرەپ مەسلىھەتلىشىپ، لاۋشەن ھەر گىرامىنى 70يۈەنلىك ئېنبار باھادا ئاشىاۋ بىلەن ئايۇن «ئالتۇن ئۇچبۇرجەك» تىن ئېلىپ كەلگەن ئۈچ كىلوگىرامدىن ئارتۇق خېروئىننى سېتىۋالماقچى، جاۋاب ئورنىدا، لاۋشەن يەنە ھەرگىرامىنى 170يۈەندىن ئاتلە كىلوگىرام خېروئىننى ئاشىاۋ بىلەن ئايۇنگە ۋەكالىتەن سېتىپ بەرمەكچى بولىدۇ. يۈننەندە سودا قىلسا چاتاق چىقىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، لاۋشەن چېگدۇدا مال تاپشۇرۇشنى كېلىشىدۇ. ئىش پۈتكەندىن كېيىن، لاۋشەن دەرھال 200مىڭ يۈەن نەق پۇل تۆلەيدۇ. 9-ئاينىڭ 25-كۈنى، ھېيلىگەر لاۋشەن 20مىڭ يۈەن «تاپان ھەققى» تۆلەپ، داڭ شياۋكۈيىنى دامغا چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭغا چېگدۇدىن 10كىلوگىرامدەك خېروئىننى ئەكەلدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا لاۋشەن يەنە شياۋكۈيگە مالنى ئۈرۈمچىگە ئەكىلىشنى ھاۋالە قىلىپ، ئۈرۈمچىدىكى زەھەر ئېلىپ - ساتقۇچىلارغا بىرلا قېتىمدا سېتىپ بەرمەكچى بولىدۇ.

9-ئاينىڭ 28-كۈنى، لاۋشەن شياۋكۈيگە بىر قىسىم يول خىراجىتى بېرىپ يولغا سالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا يۈننەندىكى ئاشىاۋ بىلەن ئاكۈيگە تېلېفون بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ۋەكالىتەن سېتىپ بېرىلىدىغان خېروئىننىڭ پۇلىنى كۈتۈشنى ئۇقتۇرىدۇ. ئىشلار جاي-جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ يالغۇز ئۈرۈمچىگە قايتىدۇ. 10-ئاينىڭ 5-كۈنى، ئۇ يەنە ئۈرۈمچى H مېھمانخانىسىغا چۈشىدۇ.

مەن بۇ نۆۋەت بۇ «دادەي» نى قولغا چۈشۈرۈش نىيىتىگە كەلدىم. 10-ئاينىڭ 5-كۈنى چۈشتىن كېيىن، مەن ۋە تەھقىقلىگۈچىلەر H مېھمانخانىسىنىڭ ئەتراپىدا جەڭ ھالىتىگە كىردۇق. پىلان بويىچە، لاۋشەننى زەھەر كېلىشى بىلەنلا تۇتماقچى ئىدۇق. بىراق، زەھەر توشۇيدىغان شياۋكۈي دېگىنى قانداق كىشى؟ ئۇ راستىنلا خېروئىن ئەكىلەمدۇ؟ يەنە ھېلىقى ئىككى يۈننەنلىك نەگە يوشۇرۇنغان؟ بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ئالدىن بىلمەيتتۇق. بىز H مېھمانخانىسىدىن خېلى يىراقتا توختىتىپ قويۇلغان ماشىنا ئىچىدە، شياۋرۇەننىڭ H مېھمانخانىسىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇردۇق. ئۇزۇن ئۆتمەي، شياۋرۇەن تېلېفوندا ماڭا: «لاۋشەن مېھمانخانىدا يالغۇز ئولتۇرۇۋېتىپتۇ، يۈك - تاقلىرى ئاددىي ئىكەن، قارىغاندا زەھەر ئۇنىڭ يېنىدا ئەمەس ئوخشايدۇ. ئۇ ناھايىتى ئەنسىز كۆرۈنىدۇ، توختىماي ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ شياۋكۈينىڭ مېلىنى كۈتىۋاتسا كېرەك، ئۇ ساقلىسا بىزمۇ ساقلايلى» دېدى.

10-ئاينىڭ 7-كۈنى ئەتىگەن سائەت 6دە، لاۋشەن مېھمانخانىدىن چىقىپ «شالى» ماركىلىق قىزىل پىكاپقا ئولتۇرۇپ، ئۇلانباي تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بىزمۇ ماشىنىمىزنى ھەيدەپ ئۇنىڭ كەينىگە چۈشتۇق. 312-نومۇرلۇق دۆلەت تاشيولىدا ئۆتۈشۈپ تۇرغان ماشىنىلار ئۇنچە كۆپ ئەمەس ئىدى. ئويلىمىغان يەردىن، چوڭ بىر تۆپىلىكتىن ئايلىنىپ ئۆتۈشىمىزگە «شالى» ماركىلىق قىزىل پىكاپ كۆرۈنمىدى. قىزىق، ئەجەبا، لاۋشەن ئۇچۇپ كەتتىمۇ؟ مەن ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى ئاشۇرۇپ، ئالغا قاراپ قوغلاشقا بۇيرۇدۇم. ئۇزۇن ئۆتمەي، بىزنىڭ ماشىنىمىز غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يامزالدا «شالى» ماركىلىق قىزىل پىكاپنىڭ تۇرغىنىنى كۆرۈپ قالدىم. بۇ لاۋشەن دېگەن نەرسە نېمىدېگەن ھېيلىگەر! ئۇنىڭ بۇ قېتىم شەھەردىن ماشىنىلىق سىرتقا چىقىشى ئەسلى «قۇيرۇق» بار-يوقلىقىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن ئىكەن. مەن شوپۇرغا پىچىرلاپ: «ماشىنىنى توختاتماڭ، ئۇدۇل ھەيدەۋېرىڭ» دېدىم. ھېلىقى يامزالدىن تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىرچە ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، ماشىنا ئەينەكىدىن «شالى» ماركىلىق قىزىل پىكاپنىڭ دۆلەت تاشيولىغا چىقىپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ شەھەر ئىچىگە قاراپ كېتىپ قالغانلىقىنى كۆردۇق. مەن دەرھال شياۋرۇەن بىلەن رازۋېدچىك ئاچىنگە: «بىزنىڭ ماشىنىمىز ئەمدى داۋاملىق ئۇنىڭ كەينىگە چۈشسە بولمايدۇ، سىلەر ئىككىڭلار ماشىنىدىن چۈشۈپ قېلىپ، باشقىدىن تاكسى توسۇپ ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار، بۇ، لاۋشەننىڭ ئاخىرقى نۆۋەت تىڭ - تىڭلاپ باقىشى. شياۋكۈينىڭ مېلى چوقۇم ئۈرۈمچىگە كەلدى. سىلەر چوقۇم لاۋشەن بىلەن ئۇچراشقان ئادەملەرنى بايقاشقا دىققەت قىلىڭلار، بىرەر ئەھۋال يۈز بەرسىلا ماڭا دوكلات قىلىڭلار، سىلەر ئاۋۋال مېڭىڭلار، بىز كەينىڭلاردىن يېتىشىۋالىمىز» دېدىم.

ئۈرۈمچىگە كىرگەندىن كېيىن، ماشىنىمىزنى ھايۋاناتلار باغچىسىنىڭ ئالدىدىكى يول چېتىگە توختىتىپ يوشۇرۇنۇپ تۇردۇق. كۆپچىلىكنىڭ كۆزلىرى مېنىڭ قولۇمدىكى يان تېلېفونغا تىكىلگەن بولۇپ، شياۋرۇەننىڭ ئۇچۇر بېرىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتىۋاتاتتى. تەخمىنەن 20مىنۇتلار

ئۆتكەندە، تېلېفونۇم جىرىڭلىدى. تېلېفوننى ئاچتىم. شىياۋرۇەننىڭ «جۇ ئاكا، نىشاننى يوقىتىپ قويدۇق» دېگىنى ئاڭلاندى. شۇ ھامان مېڭەمېرىلىپ كېتىدىغاندەك ۋىڭىلداپ كەتتى. ئازغىنە سۈكۈتتىن كېيىن، مەن تېلېفونغا قاراپ ۋارقىرىدىم: «شىياۋرۇەن، دېگىنە، نىشاننى قايسى ۋاقىتتا يوقىتىپ قويدۇڭلار». تېلېفوندا شىياۋرۇەننىڭ جىددىيلىشىپ ھاسىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى: «لاۋشەن بەك ھىيلىگەر ئىكەن، شەھەر مەركىزىنى قىستەن نەچچە قېتىم ئايلاندى. دەسلەپتە بىز ئەگىشىپ ماڭدۇق. ئۈچىنچى بىناكارلىق شىركىتى ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ يېنىدىكى تۆت كوچا ئېغىزىغا كەلگەندە، ماشىنىمىز قىزىل چىراغقا توسۇلۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭ ئۈچىنچى قۇرۇلۇش شىركىتىدە ماشىنىدىن چۈشكىنىنى كۆردۈم. بىز تۆت كوچىدىن ئۆتۈپ بارغىچە لاۋشەن يوقاپ كەتتى». بۇنى ئاڭلاپ ئىش يەنە ئەپلەشكىدەك دەپ ئويلىدىم. شۇ ھامان شىياۋرۇەنگە: «جىددىيلەشمە، لاۋشەن بۇنداق تىلىك تىڭلىغاندىن كېيىن، چوقۇم شىياۋكۈيدىن دەرھال مالنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. ئۇ يىراققا كەتمەيدۇ. ئۇ ماشىنىدىن چۈشكەن ئەتراپنى سىلەر ئىنچىكە ئىزلەڭلار، بىز ھازىر يېتىپ بارىمىز» دېدىم. ئۈزۈلۈپ ئۆتمەي تېلېفونۇم يەنە جىرىڭلاپ، شىياۋرۇەننىڭ ھاياجانلانغان ئاۋازى ئاڭلاندى: «جۇ ئاكا، بىز نىشاننى يەنە بايقىدۇق، تېز كېلىڭلار!»

مەن شۇ ھامان ھاياجانلىنىپ كەتتىم. ماشىنىنى تېزلىتىپ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقىچە ئۈچىنچى بىناكارلىق شىركىتى ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا يېتىپ كەلدۇق. يولنىڭ چېتىدە شىياۋرۇەنلەرنىڭ لاۋشەننىڭ ئىزىغا چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. لاۋشەن بولسا ھېچ ئىش بولمىغاندەك قولىنى كەينىگە تۇتۇپ كېتىۋاتاتتى. لېكىن ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان يىگىتنىڭ قولىدىكى سومكىدا ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. سومكا قارىماققا ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، ھېلىقى يىگىتنىڭ ئۈستى ـ بېشىنى توپا ـ چاڭ باسقان، ھېلىلا ئۆزۈن سەپەردىن كەلگەندەك قىلاتتى. مەن ئۇنىڭ دەل مال توشۇيدىغان شىياۋكۈي ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلدىم. لاۋشەن ئالدىدا، شىياۋرۇەنلەر كەينىدە كېتىۋاتاتتى. بىزنىڭ ماشىنىمىزمۇ 100 مېتىرچە ئارىلىق تاشلاپ ئاستا ئەگىشىپ ماڭدى. ئۈچىنچى بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا كىرگەندىن كېيىن، لاۋشەن تۇيۇقسىز قەدىمىنى تېزلەتتى. ئۇ ھېلىقى يىگىتكە يېقىنلىشىپ، قولىنى سوزۇپ ئۇنىڭ قولىدىكى سومكىنى ئالدى. ياخشى! مەن ئۆزۈمدىن بېرى كۈتكەن پۇرسەت ئاخىرى يېتىپ كەلدى! «تۇتۇڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلىشىم بىلەن، بىز ئولتۇرغان ماشىنا لاۋشەنگە قاراپ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەپ، «غاچچىدە» توختىدى. ماشىنا ئىشىكى ئېچىلىشىغا لاۋرۇەن، شىياۋشۇيلەر ئۇچقاندەك ئېتىلىپ چۈشتى. بىر مەيدان ھايات ـ ماماتلىق جىددىي، كەسكىن ئېلىشىش ئارقىلىق لاۋشەن بىلەن سومكا كۆتۈرگەن ھېلىقى يىگىت يەرگە يىقىلدى. مەن سومكىنى تارتىۋېلىپ، يىرتىپ ئېچىپ قارىدىم. ئىچىدە دېگەندەك كاللەك ـ كاللەك خېروئىن تۇراتتى. بۇ چاغدا ئەتراپىمىزنى قاتمۇ ـ قات تاماشىبىنلار ئورىۋالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تېلېۋىزىيىگە ئېلىۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ قېلىشقان ئىكەن. ئۇلار بۇنىڭ بىر مەيدان ھەقىقىي زەھەر ئەتكەسچىلىرىنى تۇتۇش كۆرۈشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ھەيرانۇ ـ ھەس بولۇشتى.

جىنايى ئىشلار رازۋېدكا باشقارمىسىدا بىز بۇ ئىككىسىنى جىددىي سوراق قىلىپ، سومكا بىلەن مال ئەكەلگەن ھېلىقى كىشىنىڭ دەل شىياۋكۈي ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، لاۋشەن يەنە مال بىلەن تەمىنلىگەن ئىككى بۇنتەنلىكنىڭ ئۈرۈمچىگە كەلگەنلىكىنى، ھازىر S مېھمانخانىسىدا لاۋشەننىڭ خېروئىننى سېتىپ نەق پۇلنى ئاپىرىپ بېرىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغىنىنى تاپشۇردى. ئىشنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايتتى. مەن يەنە رازۋېدچىكلارنى باشلاپ ئۇدۇل S مېھمانخانىسىغا يېتىپ كەلدىم. 301-ئۆيدىن بۇنتەننىڭ كۆنمىڭ شەھىرىدىن كەلگەن ئىككى ياشنى تاپتۇق. ئۇلارنىڭ كىملىكىنى تەكشۈرۈۋىدىم، دەل ئاشىياۋ بىلەن ئايۇن بولۇپ چىقتى.

مەن ئاشىياۋ بىلەن ئايۇننى ئېلىپ جىنايى ئىشلار رازۋېدكا باشقارمىسىغا يېتىپ كەلگەندە، باشقارما باشلىقى خۇاڭ ياپو باش بارمىقىنى چىقىرىپ: «يارايسەن شىياۋجۇ، بۇ قېتىمقى كۆرەشتە جەمئىي 44 پارچە، 9905 گرام خېروئىننى قولغا چۈشۈرۈپسىلەر، بۇ، شىنجاڭ بويىچە بىر رېكورت» دېدى.

مەن كۈلۈپ كەتتىم

نەبىجان ئىبراھىم (ت)

# ساپ قېنى بىلەن ساقچى گېربىگە شەرەپ كەلتۈرۈش



**1997 ـ يىل 7-ئاينىڭ 25-كۈنى، بۈگۈر ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى بازارلىق ساقچىخانىسىنىڭ ساقچىسى جۈجيەن ھەققانىيەت ۋە ساپ قېنى بىلەن شانلىق بىر سەھىپە يېزىپ قالدۇردى.**

1997-يىل 7-ئاينىڭ 25-كۈنى كەچ سائەت توققۇزدىن ئاشقان چاغ.

بىر كۈن ئالدىراش بولغان جۈجيەن بىرنەچچە بويتاق ساقچى بىلەن بىر ئاشپۇزۇلغا بېرىپ لەغمەن يەۋاتقاندا، بىر ئادەم ئاشخانىغا كىرىپ جۈجيەن قاتارلىقلارغا، تالادا ئۇرۇشۇۋاتىدۇ، دېيىشىگە جۈجيەن چوكىنى تاشلاپ ئاشپۇزۇلدىن يۈگۈرگەن پېتى چىقىپ كېتىدۇ.

جۈجيەن ئاشپۇزۇلنىڭ خوجايىنى بىلەن ئىككى مۇلازىمەتچىنىڭ ئىچىنىشلىق يىغلاۋاتقانلىقىنى، يېرىم يالىڭاچ بىر ئەرنىڭ ئىككى قولىدا پىچاق تۇتقان ھالدا غالجىرلىشىۋاتقانلىقىنى، يەنە بىر قانچەيلەننى قوغلاۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ، جۈجيەن ئويلىنىپ تۇرمايلا ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ مۇشتلىشىۋاتقان بىرسىنى توسۇۋېلىپ، سىلەر نېمە قىلماقچى؟ مەن ساقچى، قولۇڭنى تارت! دەپ تۇۋلىشىغا، ئەسەبىيلەشكەن زومىگەر ئارقا تەرەپتىن ئېتىلىپ كېلىپ جۈجيەننىڭ ئوڭ بىقىنىغا بىر پىچاق تىقىدۇ. قان بولدۇقلاپ ئېقىپ چىقىدۇ. جۈجيەن ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ، ئۇلارنى يەنە توسىدۇ. باشقا ئىككىيلەننى قوغداش ئۈچۈن، بوشۇشۇپ قالمايدۇ، نەتىجىدە جۈجيەننىڭ ئوڭ بىقىنى، سول قولىنىڭ ئالقىنىغا ئىككى پىچاق تېگىدۇ-دە، قان كۆپ چىقىپ كېتىپ نەق مەيداندىلا يىقىلىپ چۈشۈپ ھوشىدىن كېتىدۇ.

بۇ چاغدا باشقا ساقچىلارمۇ تېزلىكتە يېتىپ كېلىدۇ. ئاممىنىڭ ياردىمى بىلەن مۇشتلاشقانلار تۇتۇلىدۇ.

ئەسلىدە، 7-ئاينىڭ 25-كۈنى كەچ سائەت توققۇزدىن ئاشقاندا، مۇشتلاشقۇچى ئىككى تەرەپ ناھىيە بازىرىدىكى بىر ئاشپۇزۇلدا تاماق يېگەچ، ھاراق ئىچىشكەندىن كېيىن تېلېۋىزور كۆرۈۋېتىپ زىددىيەتلىشىپ قالغان ھەمدە مۇشتلاشقان. بۇلاردىن بىرى كۆپ ئادەم تەرىپىدىن تاياق يېگەندىن كېيىن، تاماق ئېتىش ئۆيىگە كىرىپ ئىككى دانە پىچاقنى ئېلىپ چىقىپ، ئۇرغانلارغا تىققان. ئويلىمىغان يەردىن جۈجيەن ئۇلارنى توسقان.

جۈجيەن خوتەندىن كەلگەن بولۇپ، 1992-يىلى شىنجاڭ خەلق ساقچى مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن. مەكتەپكە قەدەم قويغان كۈندىن تارتىپ، رەزىللىككە قارشى تۇرۇپ، خەلقنى ئەمىن تاپقۇزۇش، خەلق ساقچىلىرىنىڭ بۇرچى توغرىسىدىكى تەربىيىلەر ئۇنىڭ كاللىسىغا مەھكەم ئورنىغان. بولۇپمۇ 1994-يىلى بۈگۈر ناھىيىسىدىكى ئىنقىلابىي قەھرىمان، ساقچىخانىنىڭ باشلىقى توختىتۇردىنىڭ قاتىللار بىلەن يۈز تۇرانە ئېلىشىپ شەرەپلىك ھالدا ھاياتىنى تەقدىم قىلغانلىق توغرىسىدىكى قەھرىمانلىق ئىشلىرى ئۇنى تەسىرلەندۈرگەن، ئىلھاملاندۇرغان.

1995-يىلى ساقچى مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇ بۈگۈر ناھىيىسىگە تەقسىم قىلىنىپ شۇ يىلىلا

توختى تۈزىغا ئوخشاش ساقچى گىرىبگە شەرەپ كەلتۈرگەن.

1995-يىلى 10-ئايدا، بىرقانچە جىدەلخور لۈكچەكلىك قىلىپ ئامىمنى بىزار قىلىۋەتكەن. جۈجيەن بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان هامان نەق مەيدانغا بېرىپ يۈرەكلىك ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇلارنى توسقان، مۇشتلاشقان ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغان جۈجيەننىڭ بېشى يارىلانغان.

يەنە بىر قېتىم، قولىغا پىچاق ئالغان بۇلاڭچى يول بويىدىكى بىرقانچە دۇكاننى ئەسەبىيلىك بىلەن بۇلىماقچى بولغاندا، دۇكان ئىگىلىرى گەپ قىلىشقا پېتىنالمىغان. جۈجيەن ئوتتۇرىغا چىقىپ توسقان. پىچاق كۆتۈرۈۋالغۇچى نېرۋىسىدىن ئاداشقان ساراڭ بولۇپ بىردەم پىچاقنى ئۇيان -بۇيان شىلتىپ بېقىپ ئاندىن قېچىپ كەتكەن. جۈجيەن بوش قويۇۋەتمىگەن، ئېلىشىش جەريانىدا زومىگەر جۈجيەننىڭ بېشىغا پىچاق تىقىۋەتكەن، ئەمما جۈجيەن قىلچە قورقۇپ قالماي زومىگەرنى بويسۇندۇرغان.

1996-يىل 2-ئاينىڭ بىر كۈنى، دىجورنىلىك قىلىۋاتقان جۈجيەن مەلۇم بىرقورۇدا جىدەل بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ دەرهال نەق مەيدانغا بېرىپ قىلچە ئىككىلەنمەي، جىدەلنى بېسىقتۇرغان. ئەمما ئۆزى زەخىملەنگەن.

## سەمىمىي كۆڭۈل تەقدىم قىلىش

جۈجيەنگە ئارقا -ئارقىدىن ئۈچ پىچاق تىقىلىپ، قان كۆپ چىقىپ كەتكەنلىكتىن، هوشىدىن كەتكەن. ساقچىلار جۈجيەننى شۇهامان تاكسىغا سېلىپ دوختۇرخانىغا ئاپارغان. دەم ئېلىش ئالدىدا تۇرغان ناهىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى گې بىڭيەن ئەهۋالنى كۆرگەن هامان قۇتقۇزۇش ئۆيىگە بېرىپ، دوختۇر -سېستىرالارنى تەشكىللەپ قۇتقۇزۇشقا كىرىشكەن. ناهىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاڭ جيەنشىڭ، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ئابلىز، ئىنتىزام تەكشۈرۈش شۇجىسى جاڭ جىڭچىڭ قاتارلىقلارمۇ ۋاقتىدا يېتىپ كەلگەن.

دوختۇر - سېستىرالار جۈجيەننىڭ بەدىنىگە چاپلىشىپ كەتكەن ساقچى كىيىمىنى قايچا بىلەن كېسىپ ئالغان. جۈجيەننىڭ جاراهىتى ئادەمنى چۆچۈتىۋەتتى. ئۇنىڭ سول قولىنىڭ بىغىشى چىقىپ كەتكەن، پەيى كېسىلىپ كەتكەن، نېرۋا تومۇرى، قان تومۇرلىرى پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ كەتكەن، ئوڭ بىلىكىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە پىچاق تەخمىنەن 16سانتىمېتىرچوڭقۇرلۇقتا كىرگەن، ئوڭ جەينىكىنىڭ سىرتقى تەرىپى 10سانتىمېتىرچوڭقۇرلۇقتا، 13سانتىمېتىرئۇزۇنلۇقتا يارىلانغان.

بۇ ۋاقىتتا جۈجيەنگە قان بېرىش كېرەك ئىدى، ئەمما دوختۇرخانىدا زاپاس قان يوق ئىدى.

ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاڭ جيەنشىڭ قاتارلىقلار ساقچىلارنى، قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرىنى قان بېرىشكە ئۇيۇشتۇرىدۇ. كورلىغا بېرىپ قان ئېلىپ كېلىشكە ماشىنا ئەۋەتىدۇ.

كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە 35نەپەر ساقچى ۋەقوراللىق ساقچى دوختۇرخانىغا يېتىپ كېلىدۇ-دە، بەس - بەستە قان بەرمەكچى بولىدۇ. جىنايى ئىشلار رازۋېدكا ئەترىتىنىڭ قانۇن توختۇرى ياڭجې بىلەن ئايال ساقچى بۇهەجەرنىڭ قېنى تەلەپكە ئۇيغۇن بولغاچقا 500 لېتىر ئېلىنىپ جۈجيەننىڭ تومۇرىغا بېرىلىدۇ.

داۋالاش خادىملىرىنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇشى ئارقىلىق، سەھەر سائەت تۆتتە جۈجيەن خەتەردىن قۇتۇلىدۇ، جۈجيەن هوشىغا كەلگەندىن كېيىن سەبداشلىرىنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ بىرىنچى بولۇپ ئىدارە باشلىقىدىن بۇزۇقلار تۇتۇلدىمۇ؟ دەپ سورايدۇ. ئۇرۇشقان ئىككى تەرەپنىڭ تۇتۇلغانلىقىنى بىلگەندە، ئاندىن چىرايىدا تەبەسسۇم پەيدا بولىدۇ، ئىدارە باشلىقى جاڭ جيەنشىن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: سىز خەلق ساقچىسىنىڭ ئوبرازىغا شەرەپ كەلتۈردىڭىز، دەيدۇ.

هاشىمجان ئىسمايىل (ت)

# دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغدايلى

كەلگۈسى 15 يىل - دۆلىتىمىز ئىقتىسادى راۋاجلانغان، سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىم بولغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلاشقان، جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ تەكىتۈك ھالىتىنى ساقلاپ قالىدىغان، داۋاملىق ئىلگىرىلەپ تەرەققىي قىلىش ۋە قۇدرەت تېپىشنىڭ ئاساسى شەرتىگە ئىگە بولىدىغان ئوبدان مەزگىل. ئاپتونوم رايونىمىزمۇ پۈتۈن مەملىكەتكە ئوخشاش داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىدىغان، شۇنداقلا ئىجتىمائىي مۇقىملىققا ئەڭ ئېھتىياج بولىدىغان مەزگىل.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 9-بەشيىللىق پىلانى، 2010-يىلىغىچە بولغان يىراق كەلگۈسى نىشانى توغرىسىدىكى پروگراممىسىدا بۇندىن كېيىنكى 15يىل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان مۇھىم مەزگىل بولىدۇ، دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

پروگراممىدا كەلگۈسى كۆرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى يېتەكچى ئىدىيە ئېنىق كۆرسىتىلگەن؛ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى قىبلىنامە قىلىپ، «پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش»تىن ئىبارەت ئاساسىي فاڭجېندا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى، دۆلەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىقتىسادى كۈچىنى ئاشۇرۇشنى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئۆلچەم قىلىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ساپاسىنى تەدرىجى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. ئىجتىمائىي مۇقىملىق دۆلەتنىڭ مەنپەئىتى، خەلقنىڭ مەنپەئىتى، ھەربىر كىشىنىڭ جانجان مەنپەئىتى بىلەن زىچ باغلانغان. ئىجتىمائىي مۇقىملىق بۇزۇلىدىكەن جەمئىيەت تىنچ بولمايدۇ، ئەل خاتىرجەم بولمايدۇ، جەمئىيەتنى قالايمىقانچىلىق، ۋەھىمە قاپلاپ، زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشلىرىمىز خانىۋەيران بولىدۇ. بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداپ، مۇقىملىق ئارقىلىق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقى ئاستىدا، شىنجاڭنى قۇدرەت تاپقان، ھەرمىللەت خەلقى ئىتتىپاقلاشقان قۇدرەتلىك شىنجاڭ قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشىمىز لازىم.

15-قۇرۇلتاي دوكلاتىدا دۆلەتنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ساغلاملاشتۇرۇپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يولى بىلەن قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت

قوروپ چىقىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ قۇرۇلتايدا بەرگەن دوكلاتىدا«دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش دېگىنىمىز ، كەڭ خەلق ئاممىسى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاساسى قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمە بويىچە تۈرلۈك يوللارۋە شەكىللەرئارقىلىق دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ، ئىقتىسادى ئىشلارنى باشقۇرىدۇ، ۋە پەن-مەدەنىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ، ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرىدۇ، دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ تۈزۈملىشىشى، قانۇنلىشىشىنى پەيدىن-پەي ئىشقا ئاشۇرىدۇ. بۇنداق تۈزۈم ۋە قانۇننى رەھبەرلەرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەيدىغان، رەھبەرلەرنىڭ كۆزقارىشى ۋە دىققەت-ئېتىبارىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەيدىغان قىلىدۇ، دېگەنلىك» دەپ ئېنىق ۋە تەپسىلى، چۈشىنىشلىك قىلىپ ئىزاھلىدى.

باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ بۇ ئىزاھاتى دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى چۈشىنىشىمىزدە يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئاساسلىنىدىغان قانۇن بار بولدى. ئىشلىرىمىز قانۇن ئىزىغا سېلىنىۋاتىدۇ ۋە سېلىنماقتا. «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش - پارتىيە، خەلق دۆلەتنى ئىدارە قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىدىغان توپ ئومۇمىي تەدبىر، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ مۇھىم بەلگىسى، دۆلەتنىڭ ئەبدىي ئامانلىقىنىڭ مۇھىم كاپالىتى». يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، نۇرغۇن قانۇن - نىزاملار ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى چوڭ ئىلگىرىلەش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ كونكرېت گەۋدىلىنىشى، بۇ، دۆلىتىمىزنى سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش قەدىمىنى تېزلەتكەنلىكتىن دېرەك بېرىدۇ.

15-قۇرۇلتاي دوكلاتىدا: «جەمئىيەت ئامانلىقىنى ياخشىلاش - خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ۋە ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىققا بېرىپ تاقىلىدىغان چوڭ ئىش. سىياسىي - قانۇن خىزمىتىنى كۈچەيتىش، تۈرلۈك جىنايى ھەرىكەتلەرگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىش، زەربە بېرىش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش، تەربىيە ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ياخشى جەمئىيەت ئامانلىقى مۇھىتى يارىتىش لازىم» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەش - ئېلىمىزدە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ياخشىلاشنىڭ توپ يولى. جەمئىيەت ئامانلىقى مەسىلىسى جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن زىددىيەتلەرنىڭ ۋە پاسسىپ، رەزىل ئامىللارنىڭ ئىنكاسى، 9-بەشيىللىق پىلان ۋە 2010-يىلىغىچە بولغان يىراق كەلگۈسى نىشانغا يېتىش ئۈچۈن مۇقىم ياخشى ئىجتىمائىي تەرتىپ يارىتىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم تەدبىرى، جەمئىيەت ئامانلىقى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ جۇڭگوچە يېڭى يولى.

جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەشنىڭ توپ ۋەزىپىسى — ھەردەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە، تارماقلار زىچ ماسلىشىپ، ئىككى قولدا تۇتۇپ ۋە باشقۇرۇپ، خەلق ئاممىسىغا تايىنىپ، ئاساسىي قاتلاملاردا ئاساس يارىتىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، سىياسىي، ئىقتىساد، مەمۇرىي، قانۇن، مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق كۆپ خىل ۋاستىلارغا تايىنىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى پۇختا ئىشلەپ، جەمئىيەتتىكى رەزىللىكلەرگە ۋە جىنايەتكە زەربە بېرىپ،

جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقتا كاپالەتلىك قىلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەشنىڭ نىشانى- جەمئىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇپ، قەبىھ دېلولار ۋەدائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان دېلولارنى تېزگىنلەپ ۋەئازايتىپ، جەمئىيەت ئامانلىقى قالايمىقان بولغان رايونلار ۋەجايلارنىڭ قىياپىتىنى تۈپتىن ياخشىلاپ، خەلق ئاممىسىنى بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىش. جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەشنىڭ دائىرىسى - ئاساسلىقى «زەربە بېرىش، ئالدىنى ئېلىش، تەربىيىلەش، باشقۇرۇش، قۇرۇش، ئۆزگەرتىش» تىن ئىبارەت ئالتە جەھەتتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. زەربە بېرىش - ئومۇمىيۈزلۈك تۈزەشنىڭ مۇھىم ھالقىسى، ھەرتەرەپلىمە تۈزەشكە دائىر باشقا تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئالدىنى ئېلىش — قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرنى ئازايتىش ۋە جەمئىيەت ئامانلىقى تەرتىپىنى قوغداشنىڭ ئىجابىي تەدبىرى. تەربىيىلەش بولۇپمۇ ياش - ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش ۋە ئازغان ياش - ئۆسمۈرلەرگە بولغان تۆت خىل تەربىيىنى كۈچەيتىش يەنى ئائىلە تەربىيىسى، جەمئىيەت تەربىيىسى، مەكتەپ تەربىيىسى، مۇھىت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. باشقۇرۇش جايلار - تارماقلار باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى مەھەللىلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئادىمىنى ئوبدان باشقۇرۇشنى، ئۆزىنىڭ ئىشىكىگە ئوبدان قارىشىنى، ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئوبدان قىلىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قۇرۇش جايلار قاتلاممۇ - قاتلام مەدەنىيەتلىك «كىچىك رايون» بەرپا قىلىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ ياخشىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۆزگەرتىش تۈرمە باشقۇرۇش ئورگانلىرى نۆۋەتتىكى قاماقتىكى جىنايەتچىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئۆزگەرتىپ تەربىيىلەشنى ئىزچىل چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مانا بۇ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداشنىڭ ستراتېگىيىلىك تەدبىرى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «ئىككى قولدا تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش، بىر قولدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى تۇتۇش، يەنە بىر قولدا ھەرخىل جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىشنى تۇتۇش كېرەك. ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش كېرەك. ھەرخىل جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىپ، تۈرلۈك رەزىللىكلەرنى تۈگىتىشتە يۇمشاق قوللۇق قىلىشقا بولمايدۇ. ئىشىكنىڭ ئېچىۋېتىلىشىگە ئەگىشىپ، بەزى چىرىك نەرسىلەرمۇ كىردى. جۇڭگونىڭ بەزى جايلىرىدا زەھەر چېكىش، پاھىشىۋازلىق قىلىش، ئىقتىسادىي جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە ئوخشاش رەزىللىكلەرمۇ يۈز بەردى. مۇنداق رەزىللىكلەرنى قاتتىق تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىگە ھەرگىز يول قويماسلىق كېرەك» دېگەن ئىدى. بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ تەلىماتىنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇپ، 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، مەركىزىنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق خىزمىتىگە بەرگەن مۇھىم يوليورۇقى ئاساسىدا ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تۈرلۈك جىنايى ھەرىكەتلەرگە، بولۇپمۇ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم.

بىز چوقۇم دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى 21-ئەسىرگە نىشانلاپ ئالغا ئىلگىرىلىتىش ئۈچۈن زور تۆھپە قوشايلى.

# جىنايى ئىشلار قوشۇمچە ھەق تەلەپ دېلوسىنى «ئۆزى دەۋا قىلغان» بىرتەرەپ قىلىش توغرىسىدا

سۈي لىنجۈن

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»نىڭ 77-ماددىسىدا: زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلاردىن جاۋابكارنىڭ جىنايى قىلمىشى تۈپەيلىدىن ماددى زىيانغا ئۇچرىغانلىرى جىنايى ئىشلار دەۋاسى جەريانىدا قوشۇمچە ھەق تەلەپ دەۋاسى قىلىشقا ھوقۇقلۇق دەپ بەلگىلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جىنايى ئىشلار داۋا قانۇنى»نىڭ 170-ماددىسىدا: «جىنايى ئىشلار بويىچە ئۆزى ئەرز قىلىش دېلولىرىغا دائىر ئۈچ خىل ئەھۋال بەلگىلەنگەن. سوت ئەمەلىيىتىگە قارىغاندا، يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، ئۆزى ئەرز قىلىشقا دائىر بۇ خىلدىكى دېلولارنىڭ سانى كۆرۈنەرلىك ئاشقان، يەنە كېلىپ بۇنىڭ ئىچىدە جىنايى ئىشلار دېلولىرىنىڭ نىسبىتى كۆرۈنەرلىك ئاشقان.

خەلق سوت مەھكىمىلىرى بۇ تۈردىكى دېلولارنى سوتلىغاندا، مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىشى كېرەك.

يېڭى «جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «جىنايى ئىشلاردەۋا قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى. مېنىڭچە، خەلق سوت مەھكىمىلىرى جىنايەت شەكىللەنگەن يېنىك زەخمىلەندۈرۈش (ئۆزى دەۋا قىلىش) دېلولىرىنى بىرياقلىق قىلغاندا، يېڭى «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»دا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ئىش قىلىشى كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىر قىسىم يېنىك زەخمىلەندۈرۈش (ئۆزى دەۋا قىلىش) دېلولىرىنى بىرياقلىق قىلىش جەريانىدا، مۇرەسسە قىلىشقا، ئىقتىسادىي تۆلەم بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، جىنايى جاۋابكارلىقنى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈشكە سەل قاراش مەسىلىسى ساقلاندى؛ شۇڭا، جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش مەلۇم دەرىجىدە كۈچسىز بولۇپ قالدى.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى جىنايى ئىشلار قانۇنى»نىڭ 134-ماددىسىنىڭ 1-تارمىقىدا، باشقىلارنى قەستەن زەخمىلەندۈرگەنلەرگە ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمى پرىنسىپى»نىڭ 119-ماددىسىدا: باشقىلارنىڭ جىسمانىيىتىگە دەخلى-تەرۇز قىلىپ زىيان كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، داۋالىنىش راسخودى ۋە ئىشتىن قېلىپ كىرىمى ئازلاپ كەتكەن خىراجىتىنى تۆلەپ بېرىش كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ، سوت مەھكىمىلىرىنىڭ يېنىك زەخمىلەندۈرۈش(ئۆزى دەۋاقىلىش) دېلولىرىنى بىرتەرەپ قىلىشتا تەدبىقلايدىغان مۇھىم قانۇن ئاساسى، دەۋا قىلغۇچى ئەرز قىلىشتا ئادەتتە ئىككى تۈرلۈك دەۋا تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بىرى، جاۋابكارنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش، يەنە بىرى، زىيانلىق قىلمىش كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىقتىسادى زىياننى تۆلەپ بېرىش، ئىككى تۈرلۈك دەۋا تەلىپىنىڭ قانۇني ئاساسى بولىدۇ. بىراق، ئەمەلي بىرتەرەپ قىلىش جەريانىدا، بەزى سوتچىلار كۆپىنچە قوشۇمچە ھەق تەلەپ تۆلەم تەلىپىنى ئارتۇقچە تەكىتلەپ، ناھايىتى ئاسانلا دېلونىڭ خاراكتېرىنى يەككە - يىگانە ھالدا ھەقتەلەپ بويىچە زىياننى تۆلەشكە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ھۆكۈم قىلىش نەتىجىسىدە، كۆپ ھاللاردا جاۋابكارلارغا جىنايى جازانى تەدبىقلاشتا جازا ئۆلچەش بەك يېنىك بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ ھاللاردا جازانى كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش تەدبىقلىنىپ، جىنايەتچىلەر قاتتىق جازالانماي قالىدۇ.

«جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»نىڭ 100-ماددىسىنىڭ 1-تارمىقىدا: خەلق سوت مەھكىمىلىرى جىنايەت پاكىتلىرى ئېنىق، دەلىل - ئىسپاتلار تولۇق بولغان(ئۆزى دەۋا قىلغان) دېلولارنى سوتلىسا بولىدۇ، دەپ

بەلگىلەنگەن. سوت مەھكىمىسى پاكىتلارنى ئېنىقلاپ چىققاندىن كېيىن قەتئىي تۈردە بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە بىرتەرەپ قىلىش كېرەك، ھەق تەلەپ بويىچە تۆلەم قىسمىنى مۇرەسسە قىلىشقا بولىدۇ. مۇرەسسەنى ئىككى تەرەپ ئىختىيار قىلغان ئاساستا ئېلىپ بېرىش كېرەك. دەۋالاشقۇچىلارنىمۇرەسسەنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلاشقا بولمايدۇ؛ بىرتەرەپ قىلىشتا كەينىگە سۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئەرز قىلغۇچىلارغا روھى بېسىم ئىشلىتىشكىمۇ بولمايدۇ، ئەرز قىلغۇچىلارنىڭ پىكرىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىش كېرەك. سوت ئەمەلىيىتىدە ئاغزاكى مۇرەسسەنى قوبۇل قىلغان، ئەمما كۆڭلىدە قايىل بولمىغان بەزى جاۋابكارلارغا قارىتا سوتچىلار تۆلەم سوممىسىنى مۇرەسسە قىلىشتا چىڭ تۇرۇۋالسا بولمايدۇ، جاۋابكارلارغا قانۇن پرىنسىپىنى چۈشەندۈرۈپ، ۋاقتىدا سوت ئېچىپ جاۋابكارلارنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش لازىم. ھەق تەلەپ تۆلەم قىسمىدا، زىيانغا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش پرىنسىپىنى چىقىش قىلىپ، ئۇلارنىڭ مۇۋاپىق، قانۇنلۇق دەۋا تەلىپىنى قوللاش لازىم. ئايرىم دېلولاردا، ئەرز قىلغۇچىلار بىرتەرەپ قىلىش مەزگىلىدە جاۋابكارنى ئەپۇ قىلىپ، جىنايى ئىشلاردەۋاسىدىن قىسمەن ۋاز كەچسە، ئەرز قىلغۇچىلارنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىش لازىم. ئەمما سوتچى خادىملار بۇخىل ئەھۋالدا، سوتنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغداپ، كەچۈرۈم سوراش، تەنبىھ بېرىش قاتارلىق شەكىللەر بىلەن ناچار تەسىرلەرنى يوقىتىشى كېرەك.

بۇخىل دېلولار كۆپ ھاللاردا ئەرز قىلغۇچىلار بىلەن جاۋابكارلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار تۈپەيلىدىن يۈز بېرىدۇ. شۇڭا، سوت مەھكىمىسى بۇدېلولارنى بىرتەرەپ قىلغاندا، ئالدى - كەينىدىكى سەۋەب - نەتىجە بىلەن دېلونىڭ ئالاھىدىلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، زىددىيەتنى پەسەيتىپ، ماجىرانى ھەل قىلىشنى مەقسەت قىلىپ، ئىمكانقەدەر مۇرەسسە قىلىپ، ھەق - ناھەقنى، مەسئۇلىيەتنى ئېنىق ئايرىش ئاساسىدا خىزمەت ئىشلەش لازىم. ئەگەر جاۋابكار پۇشايمان قىلىپ ئۆزگەرتىش سەممىيىتىنى بىلدۈرۈپ، ھەر جەھەتتىن ئاكتىپ قۇتقۇزۇش تەدبىرى قوللىنىپ، ئەرز قىلغۇچىنىڭ كەچۈرۈم سورىشىغا ئېرىشسە، ئۇنداقتا جىنايى ئىشلار قىسمىدىكى دەۋا قىلىش تەلىپىدىن ۋاز كەچسە بولىدۇ، بىراق، ئەرز قىلغۇچى ئىختىيار قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش لازىم، ئەگەر جاۋابكار ماجىرانى كەلتۈرۈپ چىقارغان بىۋاستە جاۋابكار بولماي، بەلكى ئەرز قىلغۇچى بولسا، ئۇنداقتا، سوتچى خادىملار دەۋالاشقۇچى ئىككى تەرەپنىڭ ئالاھىدە مۇناسىۋىتىنى نەزەرگە ئېلىپ، نۇقتىلىق ھالدا مۇرەسسە قىلىشى لازىم. ئەرز قىلغان دېلولاردا جاۋابكارلارنىڭ قىلمىشىدىن جىنايەت شەكىللەنگەن بولسا، يەنە كېلىپ جاۋابكارنىڭ سۇبيېكتىپ جەھەتتىكى مۇددىئاسىدا قەستەنلىك قىلمىشى بولۇپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ جىسمانىيىتى ۋە ئىقتىسادىغا زور زىيان سالغان بولسا، جىنايى ئىشلارغا ئائىت قىسمىغا جازا بېرىش ھەمدە زىيانلانغۇچىنىڭ ئىقتىسادى زىيىنىنى تۆلەپ بېرىش كېرەك. جىنايى جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان جاۋابكارلارنىڭ جاۋابكارلىقنى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈپ، ئەرز قىلغۇچىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنىڭ دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىماسلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

ھاشىمجان ئىسمايىل(ت)

# بەدەنگە گۈل چېكىشكە نەزەر

دەۋ شيۇڭ

## 1. بەدەنگە گۈل چېكىشنىڭ مەنبەسى

بەدەنگە گۈل چېكىش ـ قەدىمقى بىرخىل سەنئەت بولۇپ، ئىپتىدائىي دەۋردىلا پەيدا بولغان. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە كىشىلەر سۆڭەك يىڭنە ئارقىلىق بەدەنگە ھەرخىل ھايۋانلارنىڭ رەسىمىنى سىزىپ، بىرخىل كۆك، قىزىل ياكى قارا رەڭلىك قىزىلما جىسىملاردىن بوياق مانېرىيالى ياكى دەرەخ بوپۇرمىقى، دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ سۈيىنى ئىزىپ چىقىرىپ، رەسىملەرنى تېرىدە ئۇزاققىچە ساقلاش ئۈچۈن چېكەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ ئۇۋچىلىق تۇرمۇشىدا يېڭى ئولجىلارغا ئېرىشىش ئۈمىدىنى ئىپادىلەيتتى. ئۇ چاغلاردا بەدەنگە گۈل چېكىش بىرخىل تۇتېم ئېتىقاتچىلىقىدىن ئىبارەت ئىدى.

ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بەدەنگە گۈل چېكىشمۇ مۇئەييەن كىنايىلىك مەنىگە ئىگە، روشەن بېزەش تۈسىنى ئالغان سەنئەتكە ئايلاندى. مەسىلەن، ئافرىقىدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەردىكى ئەر ـ ئاياللار ئارىسىدا بەدەنگە گۈل چېكىش ئومۇملاشقان بولۇپ، ھەرخىل رەڭدىكى چېكىلگەن بەدەن بىلەن ئۇلارنىڭ قادىۋالغان پەي، ھايۋانات تېرىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ ئاجايىپ ـ غارايىپ تۈسكە كىرگەن، بۇ ئەشۇ يىراق قەدىمقى مىللەتكە جاسارەتلىك روھ ئاتا قىلغان. قۇللۇق جەمئىيەتتە بەدەنگە گۈل چېكىش قۇللارنىڭ تېنىدە پەيدا بولغان، قۇلدارلار قۇللارنىڭ تېنىدە قۇل بىلەن قۇلدارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگىلەرنى چېكىش بىلەن بىرۋاقىتتا قاچقۇن قۇللارنى تۇتۇپ كېلىشكە قولايلىق بولۇشىنى مەقسەت قىلغان.

فېوداللىق جەمئىيەتكە كەلگەندە، بەدەنگە گۈل چېكىش «پېشانىسىگە خەت بېسىش»تىن ئىبارەت بولغان. «سۇبوبيدا» قىسسىسىدىكى پالۋان ۋۇسۇڭنىڭ ئامبال تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، ئىككى قېتىم «پېشانىسىگە خەت بېسىلىپ» ساڭجۇ ئايمىقىغا پالانغانلىقى بۇنىڭ دەلىلى.

فېئودالىق جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، ئىجتىمائىي ئىقتىساد زاۋالغا يۈز تۇتتى. نۇرغۇن ئادەملەر ليۇلىن مەزھىپىگە كىرىپ، تاغ تۈزلەڭنى ماكان تۇتۇپ، ئۆزئارا يېغا قىلىپ، ئۆزلىرىنى «قاراقچى» دەپ ئاتىغاندى. «قاراقچى» لىقنى باھادىردەك كۆرسىتىش ئۈچۈن بەدەنگە گۈل چېكىشنى ئومۇملاشتۇرغانىدى.

كونا جۇڭگودا، بەدەنگە گۈل چېكىشنەك قارا سەنئەت ئاستا ـ ئاستا ئەۋج ئالغان. بەزى يېزىلاردا مۇشتۇمزورلۇق قىلىدىغان «ئەجدىھار مەزھىپى»، «پالتىچىلار مەزھىپى» دىكىلەر ھەممە يەردە لۈكچەكلىك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بەدىنىگە چېشلىرىنى ھىڭگايتىپ تولغىنىپ كېتىۋاتقان ئەجدىھار، بولۋاس ياكى سۆرلۈك ئىسكىلىتلارنىڭ رەسىمىنى چېكەتتى. ئۇلار پۇقرالارنى بوزەك قىلاتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەمگەكچى خەلق قەد كۆتۈرۈپ خوجايىن بولدى، بەدەنگە گۈل چېكىش ھادىسىسىمۇ شۇنىڭ بىلەن يوقالدى. لېكىن، تارىخ 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىغا كىرگەندە، چەت ئەلنىڭ مەدەنىيەت ئېقىمىنىڭ تەسىرى بىلەن بەدەنگە گۈل چېكىش ھادىسىسى خۇددى زەھەر چېكىش ھادىسىسىگە ئوخشاش ئېلىمىزدە قايتا باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. جەنۇبىي جۇڭگودىكى مەلۇم شەھەردە ئۇسخە ئېلىپ تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، بەدەنگە گۈل چەككۈچىلەر ئاساسلىق ياشلار، ئۆسمۈرلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە جەمئىيەتتىكى ئىشسىزلار كۆپ سانلىق ئىگىلىگەن، مەلۇم بىر تۈرمىگە قامالغان جىنايەتچىلەر ئارىسىدا بەدەنگە گۈل چەككەنلەر 50% كە يەتكەن.

## 2. بەدەنگە گۈل چېكىش ئەھۋالىدىن ئۆزۈندىلەر

بەدەنگە گۈل چېكىش نۆۋەتتە مۇنداق بىرنەچچە مەزمۇنغا ئايرىلغان: بىرى، خەت چېكىش، مەسىلەن «ناقەت»، «ئۆلتۈرۈش»، «نەپرەت» دېگەن خەتلەر؛ يەنە بىرخىلى، رەسىم چېكىش، مەسىلەن «ئەجدىھار، بولۋاس» قاتارلىقلارنىڭ رەسىمىنى چېكىش، ھەممىسى ئوخشاش بولمىغان نىيەت ـ مەقسەتنى چىقىش قىلغان.

بىرىنچى، بەدەنگە گۈل چېكىپ ئۆز ھەيۋىسىنى كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلغان. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ مەلۇم

## نومۇسنى ساتقان بىلەن ئادەم بېيىمايدۇ

مەلۇم سولاقخانىسىدىكى جىنايەت گۇماندارى ۋاڭ×× بەدىنىنىڭ سەككىز يېرىگە ئەجدىھارنىڭ رەسىمىنى چېكىۋالغان. ئۇ ئاپتورغا مۇنداق دېگەن: مەن تۇنجى قېتىم سولاقخانىغا كىرگەندە، بىرنەچچە مۇشتۇمزورلار مېنى يېڭى كەلگەن ھەمراھىكەن دەپ ساۋاق بېرىپ قويماقچى بولدى. مەن ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ ئۇچامدىكى كىيىملەرنى سېلىۋەتتىم، ئۇلار بەدىنىمدىكى نەرسىلەرنى كۆرۈپ دەرھال قول بېرىپ كۆرۈشۈپ كەتتى. بىر مەيدان ئۇرۇش پارتلىماي تۇرۇپ غەلىبە ماڭا مەنسۇپ بولدى.

ئىككىنچى، شايكا، گۇرۇھ تەشكىللەشنى مەقسەت قىلغان. ھازىر بەزى ياشلار، ئۆسمۈرلەر بىر-بىرىنى تارتىپ گۇرۇھ بولۇۋېلىشنى باشقىچە كۆرىدىغان بولۇپ قالدى. گۇرۇھقا قاتناشقانلار بەدىنىگە بىرلىككە كەلگەن ئوخشاش خەت شەكلى ياكى رەسىملەرنى بەلگە قىلىپ چەككەن. 1996-يىلى بىڭتۈەن 6-دىۋىزىيە ج خ ئورگىنى تەرىپىدىن قولغا چۈشكەن ئالتە ئادەمدىن تەركىب تاپقان بىر ياش-ئۆسمۈرلەر ئوغرىلىق گۇرۇھى تەشكىلاتى قۇرغان. خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شاڭچيۇ ناھىيىسىدىن شىنجاڭنىڭ ۋۇجياچۈ دېگەن جايىغا ئېقىپ كېلىپ دېلو سادىر قىلغاندا، شۇ جايدىكى ج خ ئورگىنى تەرىپىدىن بىراقلا قولغا چۈشۈرۈلگەن. شايكا ئەزالىرى سولاقخانىغا ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، خەلق ساقچىلىرى ئۇلارنىڭ سول بىلىكىگە بىرلىككە كەلگەن ئوخشاش رەسىمنى چەككەنلىكىنى بايقىغان. بۇ 8 ئادەم بۇنىڭ ئۆزىنىڭ تەشكىلاتىنىڭ بەلگىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان.

ئۈچىنچى، بەدەنگە گۈل چېكىش«ئۆچ ئېلىش»نى مەقسەت قىلغان. گۈل چەككۈچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى باشقىلار بىلەن ئۇرۇشۇپ زىيان تارتقانلىقىغا چىدىماي قىساس ئېلىشنى مەقسەت قىلغان. ئۇلار قول، بەدەنلىرىگە «ئاپەت»، «نەپرەت»، «ئۆلتۈرۈش» دېگەن سۆزلەرنى چېكىۋېلىپ «قىساس 10 يىلدىن كېيىنمۇ كېچىكمەيدۇ» دېگەننى ئىپادىلىگەن. لى فامىلىلىك بىر ياش سولاقخانىدا «ئاپەت» دېگەن خەت چېكىلگەن ئىككى بىلىكىنى ماڭا كۆرسەتتى، بۇنى ئۇ بەش يىل ئىلگىرى چەككەن ئىكەن. ئەينى چاغدا ئۇ بىر ساۋاقدىشى بىلەن مۇشتلىشىپ قېلىپ زىيان تارتقان ئىكەن، بۇ «ئۆچمەنلىك»نى ئېسىدە ساقلاش ئۈچۈن، ئۇ بىرىنى «ئاپەت» دېگەن سۆزنى چېكىپ قويۇشقا تەكلىپ قىلغان ھەمدە پۇرسەت تېپىپ قىساس ئېلىش كويىدا يۈرگەن. بەش يىلدىن كېيىن ئۇ بىرمۇنچە ئادەمگە ھېلىقى ساۋاقدىشىنى ئۇرغۇزغان.

تۆتىنچى، بەدەنگە گۈل چېكىش «شەھۋانىيلىق»نى مەقسەت قىلغان. سولاقخانىدا مەن كۆكرىكىگە «ئالتۇن يامبۇ»، بوتىسىغا «بۆرەككە ئۈچ تال ئوقيا سانجىلغان» رەسىمنى چېكىۋالغان بىر جىنايەت گۇماندارىنى زىيارەت قىلغان. ئۇ ئېتىراپ قىلىپ: «مېنىڭ ھايات كەچۈرمىشىم پۇل ۋە گۈزەل قىزلارغا ئىنتىلىش، ئوقيانىڭ بۆرەكنى تېشىپ ئۆتۈشى تۇرغۇن قىزلار بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىشنى كۆرسىتىدۇ» دېگەن.

بەشىنچى، قىزىقىشنى مەقسەت قىلغان. بەدەنگە گۈل چەككۈچىلەر ئىچىدە خېلى بىر قىسىم ياشلار، ئۆسمۈرلەر بولۇپ، ئۇلار قىزىقىپ گۈل چەككەنلەر ئىكەن. غەربنىڭ ساغلام بولمىغان كىتاب-ژۇرناللىرى ياكى كىنو-تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان چاغدا، بەزى ئوغۇل ساۋاقداشلارنىڭ چەت ئەل كىنو فىلىمى «زوررو»نى كۆرگەندىن كېيىن، زوررونى ئۈلگە قىلىشقا قەسەم بەرگەنلىكىنى، بەزىلىرىنىڭ بىلىكىگە «Z» ھەرپىنى چەككەنلىكىنى كۆرگەن. بۇ تەبىئىيكى قىزىقىشتىن كەلگەن ساددىلىق.

### 3. گۈل چەككۈچىلەرنىڭ تۈگىمەس بالاغا قېلىشى

مۇتەخەسسىسلەر بەدەنگە گۈل چېكىشتەك تاشلاندۇق ھادىسىدىن مۇنداق فىزىئولوگىيىلىك يەكۈن چىقارغان: بەدەنگە گۈل چېكىشتىن كېلىپ چىققان تېرە كېسەللىكى، كۆپ خىل كېسەللەرنى پەيدا قىلىدۇ. ۋاھالەنكى، كۆك ياكى قىزىل، قارا رەڭلەر مۇسكۇللارغا كىرگەندە، ئادەم بەدىنى تېرىسىنىڭ نورمال گۈزەللىكىگە نۇقسان يەتكۈزگەندىن باشقا، تېخىمۇ قورقۇنۇچلۇقى راك كېسەللىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىمۇ مۇمكىن.

لى×× ياش چېغىدا قىزىقىش تۈپەيلىدىن كۆكرىكىگە ئەجدىھار چەكتۈرگەن. 26 ياشقا كىرگەندە بىر چىرايلىق قىز بىلەن تونۇشقان. بىر يىلدىن كېيىن ئىككىسى ھالال جۈپ بولۇشقان. دەرۋەقە، توي كېچىسى قىز شىياۋلىننىڭ كۆكرىكىدىكى ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تولغىنىپ تۇرغان ئەجدىھار رەسىمىنى كۆرۈپ كۆڭلى غەش بولغان. ئۇ شىياۋلىننىڭ ئەخلاق-پەزىلىتى ناچار ئىكەن دەپ ھۆكۈم قىلغان. شۇنىڭ بىلەن گۈزەل نىكاھ توي كېچىسى بىلەن تەڭلا كەلمەسكە كەتكەن. شىياۋلى غىزەپلىنىپ ئايالىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۆزىنىمۇ نابۇت قىلغان.

شۇ×× جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن خادىم بولۇپ، ياش چاغلىرىدا بىرقارا گۇرۇھقا خىزمەت قىلغان. سىچۈەندىن شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت تاپقان. لېكىن ئۇ ئىشقا چۈشكەن تۇنجى كۈنى كىيىمىنى ئالماشتۇرۇۋاتقاندا بەدىنىدىكى«شەمشەر» بىلەن«يولۋاس» كۆرۈنۈپ قالغان. شۇندىن كېيىن ئىشداشلىرى ئۇنىڭدىن ئۆزىنى چەتكە ئالغان. خوجايىنمۇ بۇ ئىشنى بىلىپ قېلىپ كېيىنكى ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن سەۋەب تېپىپ شۇ××نى خىزمەتتىن قالدۇرۇۋەتكەن. شۇ×× خىزمەت ئورنىنى نەچچە قېتىم ئالماشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئاقىۋىتى ئوخشاش بولغان. شۇ× بۇ ئازاپقا چىداشلىق بېرەلمىدى، بىر قېتىم ھاراق ئىچىپ تاماكا چوغى بىلەن ھېلىقى«شەمشەر»، «يولۋاس»نىڭ ئىزىنى يوقىتىۋەتمەكچى بولغان. لېكىن جاراھەتلەنگەندىن كېيىن بىلىكىدە ناھايىتى كۆرۈمسىز تاتۇقنىڭ ئىزى قالغان.

ھەممىگە مەلۇمكى، ھەربىي سەپكە قاتنىشىش، ئىمتىھان بېرىپ كادىرلىققا قوبۇل قىلىنىش ياشلار ئىنتىلىدىغان توغرا كەسىپ، لېكىن بەدىنىگە گۈل چەككەن ياشلار ئۆز كەسپىنى ئىزدىنىش يولىدا ھەرخىل توسالغۇلارغا يولۇقماي قالمايدۇ. ھۆججەتلەردە، بەدەنگە گۈل چەككەنلەر بىردەك ھەربىي سەپكە قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقى، كادىرلىققا ئىمتىھان بېرىشتە چەكلىمىگە ئۇچرايدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەنگەن.

بەدەنگە چېكىشكە بولامدۇ-يوق دېگەن مەسىلە ئۈستىدە قانۇن ئارقىلىق بەلگىلىمە چىقىرىش ھاجەتسىز بولسىمۇ، لېكىن بەدەنگە گۈل چەككۈچىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي ئەخلاقتىن كېلىدىغان بەكلەش كۈچىنى بەلكىم بەدەنگە گۈل چەككۈچىلەر گۈل چېكىشنى بۇرۇن مۆلچەرلىيەلمەسلىكى مۇمكىن. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بەدەنگە گۈل چېكىشتىن ئىبارەت بۇ قارا سەنئەت ئاممىنىڭ نەپرىتىنى قوزغايدۇ، خالاس!

ئەخمەت راخمان (ت)

# ئۆچىن مۇھەببىتى ئارقىلىق ئېرىشكەن «3-شەخس»نى قۇتقۇزۇپ قالدى



دامىڭ

ئىلاۋە: ئېرىنىڭ توختىتىپ قويۇلۇش مۇددىتى توشقان كۈنى، ئايالى لىن جيەنفېڭ ئېرىنىڭ بۇرۇنقى ئاشنىسى سىمالەننى بىرگە ئېلىپ ئۇنى كۈتىۋالغىلى باردى. ئەر ئىككى ئايالنىڭ ئالدىدا خىجالەت بولۇپ ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي قالدى. ئۇ شۇ تاپتا نىكاھتىن سىرت مۇھەببەتلىشىپ، ئاق كۆڭۈل ئىككى ئايالغا قان-ياشلىق ئازاب ئېلىپ كەلگەنلىكىگە پۇشايمان قىلدى. ئەسلىدە يۈرەك جۇغۇلدايدىغان قورقۇنۇچلۇق ئەشۇ كۈنلەرگە ئەمدىلا خاتىمە بېرىلگەن بولسىمۇ، بىراق، ئىككى ئايالنىڭ يۈرىكىگە ئويۇلغان جاراھەتنى مەڭگۈ ئەستىن چىقىرىۋېتىشمۇ قىيىن ئىدى.

(1)

1997-يىل 21-فېۋرال، دېھقانلار كالىندارى بويىچە 1-ئاينىڭ 15-كۈنى. كىشىلەر پانۇس بايرىمى كەيپىياتىغا چۆمگەن ئىدى. بۇ كۈنى سەھەردىلا، خۇبېي ئۆلكىسىدىكى مەلۇم تۈرمىدىكى ئىككىنچى ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى لىن جيەنفېڭ ئايال مەھبۇس سىمالەننىڭ جازا مۇددىتى توشۇپ تۈرمىدىن چىقىش رەسمىيىتىنى بېجىرىۋېتىپ تونۇگۈن سىمالەننىڭ ئېرى لۈتيەنشياڭغا سىمالەننى ئۆيگە ئېلىپ كېتىش توغرىسىدا تېلېفون بەرگەندە ئۇنىڭ بۇ ئىشنى قەتئىي رەت قىلغانلىقىنى يادىغا ئالدى. ئۇ

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9لاردا كېچىلىك نۆۋەتچىلىكتىن چۈشۈپ سىمالەننى ۋاقىنچە ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كېتىدۇ.

چۈشتە ئېرى يۈەنتاۋ خىزمەتتىن قايتىپ كېلىپ بوپى ئىگىز، ئاقپىشماق كەلگەن ياش ئايالنى كۆرۈپ قالىدۇ. چىرايلىق، ئېلىپتەك بۇرنى ئۈستىگە قوندۇرۇۋالغان ئالتۇن دەستىلىك كۆزئەينەككە قاراپ سىمالەندەك بىر ئايالنىڭ مەھبۇس ئىكەنلىكىگە زادىلا ئىشەنمەيدۇ.

ئەتىسى، لىن جيەنفېڭ سىمالەننىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ لوتيەنشياڭ بىلەن سىمالەننىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېلىش ئىشى توغرىسىدا سۆزلەشكەندىن كېيىن، لىن جيەنفېڭ ئۆزى سىمالەننى ئۆيىگە ئاپىرىپ ئېرى ۋە قىزلىرى بىلەن جەم قىلغۇزىدۇ. سىمالەن بىر مەزگىل خىزمەتتى بولمىغاچقا ئۆي ئىشلىرى ۋە قىزىدىن خەۋەر ئېلىش بىلەن ھەلەك بولىدۇ. ئۇ لىن ھەدىسىنىڭ كۆنبويى تۇرمىنىڭ خىزمىتى بىلەن ئالدىراش بولۇپ ئائىلىسىدىن خەۋەر ئالالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ لىن ھەدىسىنىڭ ئىككى يىلدىن بۇيان ئۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيلىگەنلىكىگە ۋە ئۇنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن، دائىم لىن ھەدىسىنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ كىر يۇيۇش، تاماق ئېتىش، بالىنى ئاپىرىش، ئەكىلىش ئىشلىرىغا ياردەم بېرىپ تۇرىدۇ.

جۈيۈەنتاۋ خوتۇنىدىن سىمالەننىڭ مالىيە - ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن بانكىنىڭ كىردىت بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىنغانلىقى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان چاغدىكى سۆيگىنىگە 100مىڭ يۈەن پۇل قەرز بەرگەندە 20مىڭ يۈەن پارا ئالغانلىقى ئۈچۈن تۈرمىگە كىرىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئىدى.

1997-يىل2-ئاپرىل، يۈەنتاۋ بېيجىڭغا كاماندىروپكىغا بارىدۇ. سىمالەن لىن ھەدىسىنىڭ ئۆيىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن بېرىپ بالىغا قاراش بىلەن ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ. ئۇلىن ھەدىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرسا ئۆزىنى راھەت، ئەركىن ھېس قىلاتتى. چۈنكى ئېرىنىڭ كۆنبويى تىل-ھاقارەت، سوغۇق مۇئامىلىسىدىن خالى بولۇپ قالاتتى. 9-ئاپرىل بېيجىڭدىكى يىغىن تۈگىگەندە يۈەنتاۋ ئالدىن بەلگىلەنگەن مۇددەتتىن ئىككى كۈن بۇرۇن ۋۇخەنگە قايتىپ كېلىدۇ. ئايالى كېچىلىك نۆۋەتچىلىككە كەتكەندى. ئوغلى بولسا تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى، پەقەت سىمالەنلا مېھمانخانىدا كىر يىسلودا ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتى. سىمالەن يۈەنتاۋنى كۆرۈپ ئالدىراپ ئۆيىگە قايتماقچى بولىدۇ. سىرتتا يامغۇر قاتتىق يېغىۋاتقاچقا، يۈەنتاۋ ئۇنى ماڭغۇزمايدۇ. سىمالەن يۈەنتاۋغا سۇ ئىسسىتىپ بېرىدۇ، يۆتكەيدىغان كىيىملىرىنى ئەكىلىپ بېرىدۇ. ئۇ يۈەنتاۋنىڭ كىيىملىرىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن كۆرۈۋاتقان چاتما تېلېۋىزىيە فىلىمىنىڭ داۋامىنى كۆرۈشكە باشلايدۇ. ئۇ فىلىمدە بىرجۈپ ئاشىق-مەشۇقنىڭ بىر-بىرىگە گىرەلەشكەن ھالدا ئەسەبىلىك بىلەن سۆيۈشۈۋاتقان كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ جىددىيلىشىشكە باشلايدۇ. يۈزلىرى ھۈپپىدە قىزىرىپ كېتىدۇ. كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغىنىچە بىر كىمنىڭ سۆيۈشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەندەك شىرىن خىيالغا غەرق بولىدۇ. يۈەنتاۋ سىمالەننىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇنى قۇچاقلاپ ئەسەبىلىك بىلەن سۆيۈشكە باشلايدۇ.

بۇ جىددىي كەيپىيات پەسكويغا چۈشكەندىن كېيىن، سىمالەن لىن ھەدىگە يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، تۈرمىدە تۇرغان ئەشۇ ئىككى يىلدا ئېرى شەپقەتسىزلىك قىلىپ ئۇنى بىرەر قېتىم يوقلاپ كېلىپ قويمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنىڭ بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشىمەن دەپ غەۋغا قىلىپ يۈرىدۇ. پەقەت لىن ھەدىسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ خاتىرجەم قىلىشى ۋە تەسەللىي بېرىشى سەۋرچانلىق بىلەن يېتەكلىشىدە ياخشى ئۆزگىرىدۇ. ئۇنىڭ جازا مۇددىتى ئۈچ يىلدىن ئىككى يىلغا قىسقارتىلىدۇ. ئۇ ۋاپاغا-جاپا قىلغاندەك بۇ گۇن كەچتە لىن ھەدىگە يۈز كېلەلمەيدىغان بولمىغۇر ئىش قىلىپ قويغان ئىدى. ئۇ پۇشايمان قىلىپ يىغلاپ تۇرۇپ: «مەن ئادەم ئەمەس، لىن ھەدەمگە يۈز كېلەلمەيمەن. . .» دەيدۇ.

ئەتىسى تاڭ يورۇماستىنلا سىمالەن ئىزا ۋە ئۆكۈنۈش ئىچىدە لىن ھەدىسىنىڭ ئۆيىدىن غىپپىدە قېچىپ چىقىدۇ.

ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ كېتىدۇ، سىمالەننىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. جۈيۈەنتاۋ بىر نېمىسىنى يوقىتىپ قويغاندەك پەرىشان بولۇپ يۈرىدۇ. «1-ماي» كۈنى لىن جيەنفېڭ سىمالەننى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىدۇ. گەرچە يۈەنتاۋ بىلەن سىمالەن ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن يۈەنتاۋ ئىچ-ئىچىدىن تۇرالماي قالىدۇ.

كېيىنكى كۈنلەردە سىمالەن بوش ۋاقىت تاپسىلا لىن ھەدىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ يۈەنتاۋنىڭ ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ ۋە بالىسىغا قارايدۇ. يۈەنتاۋ ھەممە ئىشنىڭ تېنچ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپلا قالماي بەلكى سىمالەننىڭ ئالدىدا قىزغىن، مېھرىبانلىقىنى ئىپادىلەپ يۈرۈدۇ. ئۇ ئۆزىنى ھەممە نېمىسى تەل، باي، ئىززەتلىك ئەركەكتەك ساناشقا باشلايدۇ. يۈەنتاۋ سىمالەنگە يۈرەكلىك بىلەن تەلەپ قويغاندا سىمالەن رەت قىلىدۇ. بىراق سىمالەننىڭ كۆزلىرىدىكى نۇر، گەپ - سۆزلىرى، روھى ۋە تېنى ئۇنىڭغا خۇشاللىق بەخش ئېتەتتى. ئۇ سىمالەننىڭ ئەتراپىدىن كېتەلمەيدىغان بوپ قالىدۇ. سىمالەن يۈەنتاۋنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىنى لىن ھەدىگە ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئۇ ئۆزىنى قاچۇرۇپ سۈكۈت قىلىپ بەرداشلىق بېرىدۇ. يۈەنتاۋ ئەسەبىلىك بىلەن تەلەپ قويغاندا، ئۇ نائىلاج ئۈن-تىنسىز ماقۇل بولىدۇ. يۈەنتاۋ سىمالەننى ئاشنا قىلىۋالغانلىقىدىن خۇش بولىدۇ ھەمدە ئازاپلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ ئايالىغىمۇ، سىمالەنگىمۇ زىيانكەشلىك قىلىشنى خالىمايتتى، ئۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن خوتۇنىغا تېخىمۇ چوڭقۇر مېھرى-مۇھەببەت باغلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا سىمالەننىمۇ كۆپ ئاسرايدۇ ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇنىڭ سىمالەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە تەدرىجى ھەمنەپەس بولۇشىدىغان كۆڭۈللۈك، ئىناق مۇھەببەت ھېسسىياتى كېلىپ چىقىدۇ-دە، ئىككىسى بىلىپ-بىلمەي نىكاھتىن سىرت مۇھەببەتلىشىشتەك پاتقاققا پېتىپ قالىدۇ، ھېچكىم ھېچكىمنى قۇتقۇزالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ.

(2)

لىن جيەنفېڭنىڭ كۆڭلىدە ئېرى بىلەن بولغان ھېسسىياتى سەمىمىي ھەم پۇختا ئىدى. 10يىل ئىلگىرى ئىككىسى مەلۇم ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئەدەبىيات فاكولتېتىدا بىرگە ئوقۇغان، 3- يىللىقىغا كۆچكەندە مۇھەببەتلەشكەن. گەرچە يۈەنتاۋ غەربىي خۇبېينىڭ تاغلىق رايونىدىن كەلگەن،

ئائىلىسى ناھايىتى نامرات بولسىمۇ، لېكىن ئاتا-ئانا سەمىمى، راستچىل، ئەقىللىق، يالغۇز قىزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلىشىشگە قەتئىي قارشى تۇرغان، ئەمما جيەنفېڭ ئۇنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سۆيگەن. 1987-يىل7-ئايدا، ئۇلار مەكتەپنى پۈتتۈرگەن چاغدا، يۈەنتاۋ ئۆلكىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورگانغا تەقسىم قىلىنغان. جيەنفېڭ ساقچىخانىنىڭ باشلىقى بولغان ئاتىسىغا ھەۋەس قىلغاچقا، ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا ساقچى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ تۈرمە ساقچىسى بولغانلىقىغاچىن كۆڭلىدىن رازى بولغانىدى. توي قىلغان 8يىلدىن بۇيان ئېرى ئالا كۆڭۈللۈك قىلماي ئۇنى ئۇدا قوللاپ كەلگەچكە ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلغان، ئۇ 2. ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن، تۈرمە سىستېمىسى بويىچە مۇنەۋۋەر پارتىيەئەزاسى، ئىلغار شەخس، ئۆلكە بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولغان، ئۇ بۇلاردىن رازى بولغان.

20-ماي ئەتىگەندە، ئۆزىنىڭ ئۈچ كېچە-كۈندۈز ئۆيىگە قايتمىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇ نۆۋەتچىلىكنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، كىچىلىك ماشىنا بىلەن ئۆيىگە كىيىملىرىنى ئالماشتۇرغىلى باردۇ. ئۇ بىىنىڭ دەسسىگىنىچە ئىشكنى ئېچىپ كىرىپ چىراقنى ياندۇرىدۇ-دە، ئېرىنىڭ سىمالەن بىلەن بىر گە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قالىدۇ. سىمالەن ساراسىمىگە چۈشۈپ تۇگۈلۈپ ئولتۇرغىنىچە يىغلاپ يېلىنىپ: «لىن ھەدە، سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن، ھەممىسى مەندىن ئۆتتى. . . » دەيدۇ. ئەشۇ دەقىقىدە لىن جيەنفېڭنىڭ يۈرۈن سىمالەنگە قىلغان غەمخورلۇق - كۆيۈنۈشلىرىنىڭ ئورنىنى نەپرەت ئىگىلەشكە باشلايدۇ.

جۇيۈەنتاۋ كىيىملىرىنى كىيىپ بولۇپ ئايالىنىڭ ئالدىدا پەرىشانلىق ئىچىدە تىلىنى چايناپ: «سىمالەن بىلەن بولغان ئىشنى ھامان بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى بىلەتتىڭ، ئىككىمىز ئازاب تارتىپ يۈرمەي بالدۇرراق ئاجرىشىپ كەتسەك بولاتتى. . . »دەيدۇ.

لىن جيەنفېڭ ئۆزىنى قەدىرلەشنى بىلىدىغان قەيسەر ئايال بولۇپ، ئۆز قولى بىلەن قۇرۇپ چىققان ئائىلىسىنىڭ بەرباد بولۇشىغا تاقەت قىلالمايتتى. ئەمدىلا باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەن يەتتە ياشلىق ئوغلىنىڭ ئۆز ئاتىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشىغا تېخىمۇ قاراپ تۇرالمايتتى. ئۇ ئاجرىشىشقا قوشۇلمايدۇ، قەلبىدىكى ئازابنى بېسۋېلىپ تۈرمىدىكى خىزمىتىنى خۇشاللىق بىلەن ئىشلەيدۇ.

لىن جيەنفېڭ ئېرىنى قايىل قىلىشنىڭ تەسلىكىنى بىلىپ، سىمالەن بىلەن سۆزلىشىپ ئۇنىڭ يۈەنتاۋ بىلەن بولغان ئىشنى تېز ئايدىڭلاشتۇرۇۋېتىمەكچى بولىدۇ. سىمالەن لىن ھەدىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالىدۇ-دە، بىرپەس خىجالەت، ئۆكۈنۈشتىن كېيىن ئېسەدەپ يىغلىغىنىچە، يۈەنتاۋنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى، ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

يۈەنتاۋ ئەيمەنمەستىن داۋاملىق سىمالەننى ياخشى كۆرىدۇ. بىر-بىرىگە سادىق بولۇش ئۈچۈن قېنى ئارقىلىق نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىن شىنجېڭغا بېرىپ توي قىلىش توغرىسىدا توختام تۈزىدۇ.

لۇ تيەنشياڭ سىمالەننىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى كۆرۈپ سوغۇققىنە كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئاجرىشىدىغان ئىشقا كەلسەك، ئۇنى مەن قارار قىلىمەن، بۈگۈن ئەجەبا ئاجرىشىشنى ئويلاپ قاپسەنغۇ؟ ئۇخلاپ چۈشۈڭ! »دەيدۇ.

لىن جيەنفېڭ ئېرىنىڭ سىمالەندىن مېھرىنى ئۈزەلمەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئېرىنىڭ بۇرۇنقى ياخشى ئۆتكەن ساۋاقداشلىرىنى تېپىپ ئۇنىڭ ئۆزمە كۆڭۈللۈك قىلماسلىقى ئۈچۈن سەمىمي نەسىھەت قىلىپ قويۇشنى ئۆتۈنىدۇ؛ ئېرىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئىشداشلىرىمۇ ئۇنىڭغا مۇنداق قاراملىق قىلماسلىق، «3- شەخس»بولۇپ ئائىلىنى ۋەيران قىلماسلىق توغرىسىدا كۆچىنىڭ بېرىچە نەسىھەت قىلىدۇ؛ يېزىدىكى قېرى ئاپىسى كېلىنى يازغان يۈەنتاۋنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش توغرىسىدىكى خېتىنى كۆرۈپ، ھېرىپ، چارچاپ دېگەندەك يېتىپ كېلىپ يىغا-زارە قىلىپ ئوغلىغا ئايالى، بالىسى ۋە ئائىلىسىنى ساقلاپ قېلىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىدۇ.

يۈەنتاۋ تەۋرىنىپ قالىدۇ، ئۇ نىكاھتىن سىرت مۇھەببەتلىشىش پاتقىقىدىن ئۆزىنى تارتماقچى بولىدۇ. بىر كۈنى ئۇ سىمالەن بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭ بىلەن ئايرىلىپ كېتىشنى ئېيتقاندا، سىمالەن كەسكىن ھالدا: «مەن سەن ئۈچۈن لۇ تيەنشياڭ بىلەن ئادا-جۇدا بولدۇم، تۇغقانلىرىمغا خىيانەت قىلدىم، ئاتا-ئانام، ئاچا-ئىنىلىرىم مېنى تونىمايدۇ. ئۆز قىزىممۇ ماڭا قارىمايدىغان بولدى، مەن قانچىلىغان ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى تارتتىم، سىرتتا يەنە قانچىلىغان تىل-ئاھانەت، مەسخىرە قىلىشلارغا ئۇچرىغاندىمەن، بۇلارنى بىلەمسەن؟ ئەگەر مەندىن ۋاز كەچسەڭ، ماڭا پەقەت بىرلا يول قالىدۇ، ئۆلۈپ بەرگىنىمنى كۆرىسەن تېخى! »دەيدۇ. ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا ئىككى بولاق چاشقان دورىسىنى ئېلىپ ئاغزىغا سالماقچى بولغاندا يۈەنتاۋ تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالىدۇ. يۈەنتاۋ ئايالىنىڭ ئاجرىشىشنى كېچىكتۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ ئەسەبىيلىشىشكە باشلايدۇ. ئايالى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم مۇرەسسەلىشىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

يۈەنتاۋ بىلەن سىمالەن ئۆزلىرىنىڭ نىاھكتىن ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بولغاندىن كېيىن، شىنجېڭغا بىر گە بېرىپ ئۆزلىرىگە مەنسۇپ بولغان بەختلىك يېڭى ھاياتقا يول ئاچماقچى بولىدۇ.

(3)

1997-يىل7-ئاينىڭ 26-كۈنى كەچلىك تاماق ۋاقتىدا، ئوغلىنىڭ قىزىتمىسى تۇيۇقسىز ئۆرلەپ قەي قىلىپ ياندۇرۇشقا باشلايدۇ. يۈەنتاۋ ئالدىراپ - تېنەپ ئوغلىنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بالنىستقا ئالدۇرغاندا ئايالى تۇرمىدە كېچىلىك نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتاتتى، ئۇ ھۇشسىز ياتقان ئوغلىنىڭ يېنىدا بىر كېچە كىرپىك قاقماي چىقىدۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە تونۇگۈن كەچ سىمالەن بىلەن تويلاشماقچى بولغانلىقىنى ئەسكە ئالىدۇ.

شۇ كېچىسى سىمالەن دۇكىنى كۆلى بويىدا تىنجىق ئىسسىق ھەم پاشىنىڭ چېقىشلىرىغا چىداپ توپ - توغرا بىر كېچە كۈتىدۇ. تاڭ يورۇشى بىلەن تەڭ كۆڭلى غەش ھالدا ئۆيىگە قايتىدۇ. ئېرى ئۇنىڭ بىر كېچە كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ ئاچچىقى قايناپ تاشىدۇ-دە، ئۇنى قاتتىق ئۇرىدۇ. چۈشتىن بۇرۇن ئېرى دەرسكە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئىشكىنى تاقاپ خاتىرىگە يۈەنتاۋنىڭ ئىسمىنى يازىدۇ ھەم يۈەنتاۋغا بىر پارچە ۋەسىيەتنامە يېزىپ يوچنىغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ئۇيقۇ دورىسى يەيدۇ. لۈتيەنشياڭ دەرسنى ئۆتۈپ قايتىپ كېلىپ سىمالەننىڭ مېھمانخانىدا نەپەسىنىڭ ئاجىزلاپ ياتقانلىقىنى كۆرىدۇ-دە، دەرھال مەكتەپ دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بېرىپ قۇتقۇزىدۇ.

3-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، يۈەنتاۋ سىمالەننىڭ ۋەسىيەتنامىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ دەرھال سىمالەننىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ، قوشنىسى سىمالەننى مەكتەپ دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتقاندا جىددىيلىشىپ دوختۇرخانىغا چاپىدۇ. قاينا ھاياتلىققا ئېرىشكەن سىمالەن يۈەنتاۋنىڭ ئۆز يېنىدا تۇرغانلىقىنى ئېنىق كۆرىدۇ. ئۇ ئىسەدەپ يىغلايدۇ، يۈەنتاۋغا نىسبەتەن نەپرىتى تاشىدۇ، مۇھەببىتى ئاشىدۇ.

يۈەنتاۋ سىمالەننى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇۋېتىپ ئۇنىڭ بەدىنىدىكى يارا ئىزلىرىنى كۆرۈپ قالىدۇ-دە، لۈتيەنشياڭنىڭ ئۇنى بەنىلا ئۇرۇپ - تىللاپ، بوزەك قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ، يۈەنتاۋ لۈتيەنشياڭغا قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ، لۈشيەنشياڭ بىلەن ئېلىشىشقا بەل باغلايدۇ.

لۈشيەنشياڭ خىزمەتتىن چۈشكەندىن كېيىن كېسەلخانىغا كىرىپ كېلىدۇ-دە، بىرناتونۇش ئەركىشىنىڭ سىمالەننىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ، ئامراقلىق قىلىپ خۇشال پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بىردىنلا غەزىپى قايناپ تاشىدۇ. ئۇ كۆز ئالدىدىكى بۇ ئەركىشىنىڭ سىمالەن ئۆز خاتىرىسىگە يازغان ھېلىقى جوڭيۈەنتاۋ ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىدۇ. دوتسېنتلىق سالاھىيىتىگە ئىگە لۈشيەنشياڭ مەغرۇر ھالدا يۈەنتاۋدىن ئىبارەت بۇ كىچىككىنە بولۇم باشلىقىنى كۆزىگە زادىلا سىغدۇرالمايدۇ. ئۇ سىمالەننىڭ يېنىغا ئاستا كېلىپ ئۇنىڭ چېچىنى غەزەپ بىلەن چاڭگاللاپ ئاچچىق كۈلگىنىچە: «مەن سېنى بوش قويۇۋەتمەيمەن، مەن سېنى ھەم ئاجرىشالمايدىغان ھەم بىرگە بولالمايدىغان قىلىۋېتىمەن!» دەيدۇ. ئۇ غالىبلاردەك غادايغىنىچە چىقىپ كېتىدۇ. كۆز ئالدىدىكى ئىشلارنى كۆرگەن جوڭيۈەنتاۋنىڭ غەزەپ - نەپرىتى قايناپ تاشىدۇ، لۈتيەنشياڭنى چايناپ يۇتقۇۋەتكىسى كېلىدۇ.

9-ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى، سىمالەن ھامىلدار بولۇپ كۈنبويى ئالاقزادىلىك ئىچىدە يۈرىدۇ. بىر كۈنى ئۇ يۈەنتاۋنى ئوغرىلىقچە ئىزدەپ تېپىپ ئۇنىڭغا: «يۈەنتاۋ، مەن سەندىن قورساق كۆتەردىم» دەيدۇ. يۈەنتاۋ بۇنى ئاڭلاپ تاتىرىپ كېتىدۇ. بىر كۈنلەردە بۇ بالىنىڭ ئۇنىڭغا ۋە سىمالەنگە ئازاب ئېلىپ كېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇنىڭغا: دوختۇرخانىغا بېرىپ ھامىلىنى ئالدۇرىۋەتكىن، دەپ يالۋۇرىدۇ. «ياق» دەيدۇ سىمالەن كەسكىن ھالدا: «پەقەت سەن ئۇچۇن ئۆلۈپ بەرسەم بولىدۇ!».

6-ئۆكتەبىر چۈشتىن بۇرۇن، يۈەنتاۋ ئايالى جيەنفېڭ ئىشقا كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ توخۇ شورپىسى تەييارلاپ سىمالەننىڭ ئۆيىگە بېرىشقا تەۋەككۈل قىلىدۇ. ئەگەر ئۆيىدە لۈتيەنشياڭغا دوقۇرۇشۇپ قالغۇدەك بولسا مەردانىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ لۈتيەنشياڭ بىلەن سىمالەننىڭ نىكاھىنى ئاجرىشىش ئىشى ئۈستىدە سۆھبەتلەشمەكچى بولىدۇ. ئۇ ئۆيگە يېقىن كەلگەندە سىمالەننىڭ ئۆيىدە تاراق-تۇرۇق قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ قالىدۇ. ئۇ بىرپەس زەڭ قويۇپ تىڭشىغاندىن كېيىن لۈتيەنشياڭنىڭ سىمالەننى ئۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ، سىمالەننىڭ ئېچىنىشلىق ئىڭرىشى ئۇنىڭ يۈرىكىنى زېدە قىلىۋېتىدۇ. يۈەنتاۋ ئۆيگە بۆسۈپ كىرىپ سىمالەننىڭ كىرسلودا باغلاقلىق ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھايات-ماماتىغا قارىماي ئېتىلىپ كېلىپ لۈتيەنشياڭغا نەسىھەت قىلغاچ سىمالەننى قۇتقۇزۇشقا كىرىشىدۇ ۋە غەزەپ بىلەن يۈەنتاۋنىڭ باش، كۆكرەك قىسمىغا قاتتىق ئۇرۇشقا باشلايدۇ. جوڭيۈەنتاۋ چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرىدىغان سىمالەننى بوزەك قىلىپ بەدىنىنىڭ ساق يېرىنى قويمىغانلىقىنى كۆرۈپ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كېتىدۇ، ئەقلىدىن ئادىشىپ ئۆچ ئېلىش نىيىتى پارتلاپ چىقىدۇ، شىرەدە تۇرغان ئۇزۇن پىچاقنى ئېلىپ لۈتيەنشياڭنىڭ تېنىگە شىددەت بىلەن ئۇرىدۇ. قوشنىلىرى لۈتيەنشياڭنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازىدىن چۆچۈپ كېتىدۇ-دە، دەرھال «110» ساقچىغا

مەلۇم قىلىش تېلېفونى ئالدى. بەش مىنۇتتىن كېيىن ج خ كادىر-ساقچىلىرى جۇيۇەنتاۋنى يالاپ ئېلىپ كېتىدۇ. پۈتۈن بەدىنى جاراھەتلەنگەن سىمالەن ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغان ئېرىنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ جىددىي قۇتقۇزىدۇ.

(4)

لىن جيەنفېڭ ئېرىنىڭ ج خ ئىدارىسىغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بېشىدا چاقماق چاقئاندەك بولىدۇ. ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ ج خ ئىدارىسى سوراق بۆلۈمىگە بېرىپ ئېرىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن ھالدا قۇلىغا كويزا سېلىنىپ پولات دەرىزە ئىچىدە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ نومۇس قىلىدۇ ھەم نەپرەتلىنىدۇ.

لىن جيەنفېڭ ئىچىدە ئۇنىڭغا بىرپەس لەنەت ئوقۇغاندىن كېيىن يەنىلا ھېسداشلىق قىلىدۇ. بىر كۈن ئەر-خوتۇن بولساڭمۇ يۈز قېتىم مېھرىبان بول، دېگەندەك، ئۇ يۈەنتاۋ بىلەن مۇھەببەتلىشىپ توي قىلغىنىغا توپ - توغرا 12يىل بوپ قالغان ئەمەسمۇ، ئائىلە ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايتتى، ئوغلى ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ئايرىلالمايتتى، گەرچە ئۇلار ئاجرىشىش كېلىشىمىگە ئىمزا قويغان بولسىمۇ، بىراق قانۇنىي جەھەتتىن نىكاھتىن ئاجراشمىغانىدى. ئۇ ئەر-خوتۇنلۇق مېھرى- مۇھەببىتىنى ئەسلەپ كۆزلىرىنى ياشلىغىنىچە يۈەنتاۋنىڭ يېنىغا كېلىدۇ-دە، مېھرىبانلىق بىلەن تەسەللىي بېرىپ: «سەن جىنايەت ئۆتكۈزدۈڭ، خاتىرجەم، ياخشى ئۆزگەرگىن، بالا بىلەن ئىككىمىز سېنىڭ بالدۇرراق ئۆيگە قايتىشىڭغا تەقەززا!»دەيدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە، ئايالى كۈن ئارىلاپ دېگۈدەك ئۇنى يوقلاپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىدۇ. ئۇ ئايالىدىن تېخىمۇ خىجالەت بولىدۇ.

يۈەنتاۋ توختىنىپ قويۇش ئورنىغا قامالغان كۈنى، جيەنفېڭ بىر ئايلىق رۇخسەت ئالىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ خىزمەت بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ ئېرىگە كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى، ئەر-خوتۇنلۇق ھېسسىياتىغا سوغۇقچىلىق چۈشكەنلىكتىن ئېرىنىڭ تالاغا قاراپ قالغانلىقى، بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئازابلارنى ئېرىلا زىممىسىگە ئالسا بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن دوختۇرخانىغا بېرىپ لۇتيەنشياڭنى يوقلايدۇ، ئېرىگە ۋاكالىتەن لۇتيەنشياڭدىن ئەپۇ سوراپلا قالماي، بەلكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن لۇتيەنشياڭنىڭ بارلىق داۋالىنىش خىراجىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. لىن جيەنفېڭ لۇشيەنشياڭنىڭ قىزىنى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالىدۇ.

يۈەنتاۋ ج خ ئىدارىسى تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلگەندىن كېيىن، سىمالەن جيەنفېڭنىڭ ئۇنىڭدىن ھېساب ئېلىشىدىن قورقۇپ كېچە-كۈندۈز ئەندىشە ئىچىدە يۈرىدۇ. جيەنفېڭنىڭ ھەرقېتىم دوختۇرخانىغا لۇتيەنشياڭنى يوقلاپ كەلگەندە بىر ئاچا بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، جيەنفېڭ سىمالەننى ئۆيىگە مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. خۇددى سىمالەن تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن كۈندىكىدەك ئۇنى چىن، سەممىمىي قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. جيەنفېڭ سىمالەننىڭ يۈەنتاۋدىن ھامىلدار بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگەن كۈنى چۈشتىن كېيىن سىمالەننى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ ھامىلىنى ئالغۇزۇۋېتىدۇ ھەمدە سىمالەننى ئائىلىسىگە ئېلىپ كېلىپ ئوبدان ئوزۇقلاندۇرىدۇ. سىمالەن لىن ھەدىنىڭ يۈەنتاۋنى يوقلاش، لۇتيەنشياڭنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ ئوزۇقلاندۇرۇش ئىشى ھەلەكچىلىكىدە يۈرگەنلىكى، ئۇنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەممە يەرگە چېپىپ يۈرگەنلىكىدىن ئىنتايىن تەسىرلىنىدۇ.

22-ئۆكتەبىر، لىن جيەنفېڭ كىشىلىك ھاياتىنىكى ئەڭ جاپالىق 15كۈننى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ھامىلىنى ئالدۇرۇۋېتىپ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەن سىمالەننى ئېلىپ توختىنىپ قويۇش ئورنىغا كېلىپ يۈەنتاۋنى كۆتۈۋالىدۇ. يۈەنتاۋ ھەقىقىي چىن مۇھەببىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ئايالى، يېڭى ھاياتقا ئېرىشكەن سىمالەننىڭ ئالدىدا: «بۈگۈن يېڭى ھاياتىمىز قايتا باشلانسۇن!»دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزىدۇ.

ئەخمەت راخمان(ت)

# تۇرسۇن مەسۇم توغرىسىدا تەسىرات

جاڭ جىكاڭ

مەن يولداش تۇرسۇن مەسۇمنى زىيارەت قىلىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ مەركەزلىك تۇزەش خىزمىتىگە گەۋدىلىك تۆھپە قوشقانلىقىدىن خەۋەر تاپقانىدىم. ئەسلىدە ئۇ 1988-يىلى ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالمىشىپ خەلق ساقچىسى بولغان. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئەدلىيە نازارىتى سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە ئەدلىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولغان. ئۇ قەيەردىلا بولمىسۇن ئۆز خىزمىتىگە سادىق بولۇپ، پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ھەرىكەت ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، كۆپ قېتىم مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، ئىلغار خىزمەتچى دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن.

ئۆتكەن يىل 4-ئاينىڭ ئاخىرىدا، يولداش تۇرسۇن مەسۇم ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، لوپ ناھىيىسىگە كېلىپ، زوراۋانلىق، تېرروزلۇق جىنايىتىگە زەربە بېرىش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىش كۈرىشىگە ئاتلانغان. ئۇ بۇ يەردە قوشۇمچە ناھىيىلىك مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان.

بولداش تۇرسۇن مەسۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر تارقاتقان 33 خىل ئەكسىيەتچىل سەپسەتىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق ئامىمغا قاراتمىلىقى بولغان تەشۋىقاتنى كۈچەيتكەن. لوپ ناھىيىسىدىكى كادىرلار، ئامما ۋە دىنىي زاتلار ئارىسىدا قاتىلمالار بويىچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە 12 مەيدان لېكسىيە سۆزلىگەن، لېكسىيەنى ئاڭلىغان ئادەم 40 مىڭدىن ئاشقان. ئۇنىڭ لېكسىيىسىنىڭ تېمىسى روشەن، دەلىللىرى تولۇق، قايىل قىلىشى كۈچلۈك، رەددىيە بېرىشى ئۈنۈملۈك بولغاچقا، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىنىي نىقاپ قىلىپ، ۋەتەننى پارچىلارشقا ئۇرۇنۇشتىكى رەزىل غەرىزىنى ئېچىپ تاشلىغان. كەڭ كادىر -ساقچىلار ۋە ئاممىنى بېكى تونۇشقا ئىگە قىلغان.

9-ئاينىڭ ئاخىرىدا، يولداش تۇرسۇن مەسۇم دول يېزىسىدا نۇقتىلىق تەرتىپكە سېلىش ئوبيېكتىلىرىنىڭ ئۆگىنىش كۇرسىدا ئىككى سائەت سىياسەت، قانۇن ۋە ۋەزىيەت توغرىسىدا سۆز قىلدى، يەنە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر بىلەن چېتىشلىقى بار كىشىلەر بىلەن ئايرىم سۆھبەتلەشتى، ئۇلارنى مەسىلە تاپشۇرۇشقا ۋە مەسىلىلەرنى پاش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى. 10نەچچە كۈنلۈك ئۆگىنىش، تەربىيە بېرىش، تېگى - تەكتىنى ئېنىقلاش، رەتكە تىزىپ ئەھۋال ئىگىلەش ئارقىلىق، بەزى تالىپلار پۇشايمان بېشى ئاققۇزۇپ، بېگىباشتىن بېگى ئادەم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى؛ ئەكسىيەتچىل مەيداندا جەھىللىق بىلەن چىڭ تۇرغان ئۈچ ئادەمنى تۇرسۇن مەسۇم كەسكىن ھالدا ساقچىخانىنىڭ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. 7-ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، سامپۇل يېزىسىدىكى ئىككى تالىپ مەلۇم بىر كەنتتىكى پۇقرا نەزىر قىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، باشقىلارنى دىنغا ئېتىقات قىلىشقا مەجبۇرلىغان، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىشقا دائىر ئەكسىيەتچىل سۆز تارقاتقان، يولداش تۇرسۇن مەسۇم ئاممىنىڭ پاش قىلىشقا دائىر ماتېرىيالىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ساقچىخانىدىن تېزدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشنى، دەلىل - ئىسپات تولۇق بولسا، قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنغان.

6 - ئاينىڭ 3-كۈنى ۋە 7-ئاينىڭ 6-كۈنى، چارباغ يېزىسىدا ئارقا-ئارقىدىن نامسىز تەھدىت سېلىش خېتى يېزىش دېلوسى ۋە كەنت ئامانلىق ساقلاش مۇدىرىنى زەخمىلەندۈرۈش دېلوسى يۈز بېرىدۇ. يولداش تۇرسۇن مەسۇم بۇ يېزىغا بېرىپ، ناھىيىلىك

ج خ ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىنىڭ خادىملىرى بىلەن سوراق قىلىشنى چىڭ تۇتۇش، جەڭ مېۋىسىنى كېڭەيتىش توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ باردۇ. نەتىجىدە دېلونىڭ پەردە ئارقىسىدىكى پىلانلىغۇچىسى پاش قىلىندۇ.

يولداش تۇرسۇن مەسۇم تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپلا قالماستىن، بەلكى ھەرمىللەت ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىغىمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ. خىزمەت ئارىلىقىدىكى بوش ۋاقتىنى پايدىلىنىپ، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر، بەشتە كېپىل ئائىلىلەرنى دائىم يوقلاپ تۇردى. ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئۆز يېنىدىن ئىككى مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى. لوپ بازىرى جايتېرەك كەنتىدىكى بەشتە كېپىل ئائىلە ئىدايەت ئەر-خوتۇن ياشىنىپ قالغاچقا، تۇرمۇشتا قىيىنىلىپ قالغان ئىدى. تۇرسۇن مەسۇم قىممىتى 300يۈەندىن ئاشىدىغان يېڭى يوتقان - كۆرپە ۋە 100يۈەن پۇل بىلەن ئۇنى يوقلايدۇ. دول يېزىسىنىڭ تاغتەكرۈك كەنتىدىكى 90ياشلىق بوۋاي ئۇزۇن مۇددەت كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغاندا، تۇرسۇن مەسۇمئۆزى پۇل چىقىرىپ، ئۇنى داۋالاتقۇزىدۇ ھەم ناھىيىلىك مىللى شىپاخانىدىكى داۋالاش خادىملىرىنى بوۋاينىڭ ئۆيىگە باشلاپ بېرىپ داۋالاتقۇزۇدۇ. ناۋا يېزىسىنىڭ يۇقىرىقى كەنتىدىكى 80ياشلىق ئىگە - چاقىسىز بوۋاي غازى ئاخۇن تۇرمۇشتا قىيىنىلىپ قالىدۇ، ئەمما ياشانغانلار ساناتورىيىسىگە بېرىشنى خالىمايدۇ، ئۇ كەنت ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى ئارقىلىق شۇ كەنتتىكى 55ياشلىق تۇل خوتۇن مىلىكىخاننى غازى ئاخۇنغا تونۇشتۇرۇپ، ئىككىسىنىڭ توينى قىلىپ قويىدۇ ھەمدە 1200يۈەن ياردەم قىلىپ ئۆينى رېمونت قىلدۇرۇپ بېرىدۇ. ئىككىسى ھازىر ئىللىق تۇرمۇش كەچۈرمەكتە.

يولداش تۇرسۇن مەسۇم يەنە ئاكتىپلىق بىلەن نازارەتتىن 10مىڭ يۈەن ئىئانە توپلاپ لوپ ناھىيىسىنىڭ مائارىپ قاتارلىق ئىشلىرىغا ياردەم قىلىدۇ. ئۇ لوپ بازىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇش شارائىتىنىڭ ناھايىتى ناچارلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلى بىئارام بولىدۇ، ناھىيە بازىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، بۇ بازاردا يېڭىدىن ئەدلىيە ئۈمىت باشلانغۇچ مەكتىپى سالدۇرماقچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا تۆت نامرات يېزىغا بىردىن رەڭلىك تېلېۋىزور ئىئانە قىلىدۇ، نامرات يېزىلاردىكى ئامانلىق بىرلەشمە مۇداپىئە ئەترەتلىرى خادىملىرىغا 280جۈپ ھەربىچە ئۆتۈك ئىئانە قىلدى.

يولداش تۇرسۇن مەسۇم لوپ ناھىيىسىدە خىزمەت قىلىۋاتقان مەزگىلدە، مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك كادىر بولسىمۇ، قىلچە كىبىرنى پەش قىلماي، دائىم ناھىيە رەھبەرلىرى بىلەن بارمەسلىھەت ئىش قىلىپ، قەتئىي تۈزدە ناھىيىلىك پارتكومنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرىدۇ. تۆۋەنگە چۈشۈپ خىزمەت تەكشۈرگەندە، خىزمەت ئەترىتى خادىملىرى ۋە يېزا - كەنت كادىرلىرى قانۇن، سىياسەت مەسىلىلىرىگە يولۇققاندا ھەمىشە زېرىكمەي - تېرىكمەي چۈشەندۈرىدۇ، جاۋاب بەردى. ئۇ كىشىلەرگە ئىللىق مۇئامىلە قىلىدۇ، خىزمەتتە قىلچە بىپەرۋالىق قىلماي، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدۇ. بىر قېتىم، چارباغ يېزىسىغا بېرىپ خىزمەت تەكشۈرگەندە، ئىلىشىرىق كەنتىدە ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىش خىزمىتى سۇسلىشىپ قالغانلىقىنى، بىر نەچچە كۆنگىچە ئەزالارنى يىغالمىغانلىقىنى ئۇقۇپ، يېزىلىق پاركتومنىڭ شۇجىسى قادىر بىلەن نەق مەيداندا ئىش بېجىرىپ، شۇ كەنتتىكى خىزمەت ئەترىتى خادىملىرى بىلەن كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسىنى قاتتىق تەنقىت قىلىپ، چەكلىك مۇددەت ئىچىدە ئۆزگەرتىشنى بۇيرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ كەنتنىڭ تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى كەنت پارتىيە ياچېيكىسى ۋە خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى بىلەن بىرسەكرەپلا ناھىيە بويىچە ئىلغارلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

ھاشىمجان ئىسمايىل(ت)

# كېشى 3-شەخس رەسۋالىق قىلغان تراگېدىيە

1997-يىلى 25-ئىيۇن چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە، قاتىل لى توگجۈننى جازا مەيدانىغا يالاپ ئېلىپ ماڭغان ساقچى ماشىنىسى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ غەربىي تەرىپىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. شەھەر رايونىدىن خېلى يىراق بولغان بۇ تاشيولنىڭ ئۇدۇلىدىن بىر بولكىۋاي كېلىپ، توختىدى.

«لى توگجۈن دېگەن يارىماس ئەبلەخ، بېشىڭنى كۆتۈرۈپ ئانا-بالا ئىككىمىزگە قارىغىنا!» دېگىنىچە، ساۋجۈەنجۈەن بەش ياشلىق ئوغلى بىلەن لى توگجۈننىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئادەتتىكى قائىدە بويىچە ئۇلارنىڭ ئۇچرىشىشى مۇمكىن ئەمەسىدى، بۇ، ئىنسانپەرۋەر قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملار ئالاھىدە ئاتىلە ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرغان ئۇچراشتۇرۇش ئىدى.

«دادا...» ئوغلى ئاپىسىنىڭ قولىدىن چىقىپ لى توگجۈن تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى.

## ئۇ ئۆزلىكىدىن كەلگەن ئاشىنىسىنى رەت قىلمىدى

لى توگجۈن ئەسلى دېگىز ئارمىيىسىنىڭ چىن خۇاڭداۋدا تۇرۇشلۇق مەلۇم قىسمىدىن بولۇپ، تىرىشچان، خىزمەتتە ئاكتىپ بولغانلىقتىن، خىزمەتكە قاتناشقىلى بەش يىل بولا-بولمايلا پارتىيىگە كىرگەن. ئايالى ساۋجۈەنجۈەن چىن خۇاڭداۋ يوبېز ئىستانسىسىدا ئىشلەيدىغان چىرايلىق، ئاق كۆڭۈل ئايال ئىدى. ئۇلار مۇھەببەتلىشىپ، توي قىلىپ تاكى بالىسى تۇغۇلغىچە كۆيۈمچان، ئىناق ئەر-خوتۇنلاردىن بولۇشۇپ ئۆتكەن. 1995-يىلىنىڭ بېشىدا، ئۇلارغا شەن خېيگۈەن رايونى ئەنخەي يولى 6-بىنادىن ئىككى ئېغىزلىق ئۆي تەقسىم قىلىنغان.

ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئاستىدا لىن شياۋمېي ئىسىملىك باش ھەم چىرايلىق يوپىناق قىز ئولتۇراتتى. لىن شياۋمېي قىزغىن، ئوچۇق چىراي قىز ئىدى. ئۇلار ئۆي كۆچكەن كۈنى لىن شياۋمېي ھورى چىقىپ تۇرغان جوۋۇزا ئېلىپ كىردى. ئۇنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسىدىن ئەر-خوتۇن خۇشال بولۇشتى.



شۇندىن كېيىن، لىن شياۋمېي بۇ ئۆيگە دائىم كىرىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى.

ساۋجۈەنجۈەن ھەرقېتىم كېچىلىك سىمېنغا كەتكەندە لىن شياۋمېي لى توگجۈنگە ياردەملىشىپ ئوغلىغا قارىشىپ بېرەتتى.

1996-يىلى ئىيۇن، ساۋجۈەنجۈەن كېچىلىك سىمېنغا كەتكەندە، لىن شياۋمېي قەستەن گەپ بورغىلىتىپ گەپنى ساۋجۈەنجۈەن ئىككىسىنىڭ ئەر-خوتۇنلۇق تۇرمۇشى تەرەپكە يۆتكەيدۇ.

ياش نايناق لىن شياۋمېينىڭ يېقىملىق ئاۋازى ۋە نازۇك كۆلۈمسىرەشلىرى خوتۇن-بالىسى بار لى توگجۈننى ۋىژدان ۋە مەسئۇلىيىتىدىن ئازدۇرىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ جىنسىي ھەۋىسىنى باسالماي قالىدۇ-دە، غالجىرلارچە لىن شياۋمېيغا ئېتىلىدۇ...

## ئاشىنىسىنىڭ «رەسمىيلەشتۈرۈش» تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى

كېيىنكى كۈنلەردە، ئۇلار ھەرقېتىم ئوغرىلىقچە كۆڭۈل ئېچىشقاندىن كېيىن لىن شياۋمېي نازلىنىپ ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈلۈك ئەر-خوتۇن بولۇش «رەسمىيلەشتۈرۈش» تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. لى توگجۈن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالىدۇ. بىر تەرەپتىن، ئۇ لىن شياۋمېي بىلەن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەخلاق ۋە جامائەت پىكرىنىڭ بېسىمىدىن قورقىدۇ.

1996-يىلى ئىيۇل، ساۋجۈەنجۈەن بېيجىڭ تۆمۈريول ئىدارىسىدىكى بىر ئايلىق كومپيۇتېر ئۆگىنىشىنى تۈگىتىپ ئۆيىگە قايتىدۇ. ئۇ ئۆيىگە كەلگەندە سائەت 11دىن ئاشقانىدى، ئۇ ئېرىمنى ھەيران قالدۇراي دەپ ئوبلاپ ئىشىكنى ئاستا ئاچىدۇ، ئۇ چىراقنى ياندۇرۇپلا تۇرۇپ قالىدۇ: ئېرى لىن شياۋمېي بىلەن گىرەلىشىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى تەسلىكتە بېسىۋېلىپ، تىمتاس قاراڭغۇلۇققا قاراپ يىغلايدۇ. تاڭ ئاتقاندىلا ئۆيىگە كىرىشكە ئېرى بەرگە تىزلىنىپ تۇرۇپ: «جۈەن جۈەن، مەن سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن، سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن...» دەيدۇ. ساۋجۈەنجۈەن ئېرىنى ئىككى كاچات ئۇرۇپ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالماقچى بولىدۇ-يۇ، بىراق، ئىلگىرى ئۆزىگە بارلىق مۇھەببىتىنى بەرگەن، ئۆزى پەخىرلىنىدىغان كۆز ئالدىدىكى بۇ ئېرىگە قاراپ، كۆڭلى يۇمشاپ كىرسلوغا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتىدۇ.

لى توگجۈن خاتالىقىنى تونۇپ، لىن شياۋمېي بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈش توغرىسىدا قەسەم ئىچىدۇ. ئەتىسى سەھەردە، لىن شياۋمېي يول بويىدالى توگجۈننىڭ ئالدىنى توسۇپ: دەرھال ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىڭ، بولمىسا ھېچقايسىڭىزغا ياخشى كۈن يوق، دەيدۇ. لى توگجۈن ئىش بۇيەرگە يەتكەندە، ئاۋۋال لىن شياۋمېينى پەسكويغا چۈشۈرۈش ئۈيدە ئۇنىڭ تەلپىگە بالغاندىن ماقۇل بولىدۇ.

# ئادەمنى نومۇس ئۆلتۈرىدۇ

لىن شياۋمېي ئاقەتسىزلىك بىلەن بىرىم ئاي كۆتتى. بىر كۈنى ئاخشىمى كەچكى ناماقتىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، لى نوكجۇننىڭ ئالدىدا ساۋجۇمىنجۇمىڭ: «مەن لى نوكجۇننى باخشى كۆرىمەن، ئۇمۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ، سىز بىزنىڭ ئىشىمىزغا يۈزلىنىكاشالىڭ بولماڭ» دەپ چىقىپ كېتىدۇ. كۆڭلى يۇزۇلۇپ ئۈمىدسىزلەنگەن ساۋجۇمىنجۇمىن بالىسىنى ئېلىپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىدۇ.

## ئايالنىڭ جەڭگىدىن چېكىنىشى

ساۋجۇمىنجۇمىن ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكەن كۈنلەردە، لىن شياۋمېي ھەر كۈنى دېگۈدەك لى نوكجۇنگە چاپلىشىۋېلىپ تېزراق سوتقا بېرىپ ئاجرىشىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

لى نوكجۇن بىلەن لىن شياۋمېينىڭ قىلمىشلىرىدىن خەۋەر تاپقان قىسىم پارتگورۇپپىسى يىغىنى ۋە باجىيكا يىغىنى ئېچىپ ئۇنىڭغا تەربىيە بەرگەن بولسىمۇ، ئۇ خاتالىقىنى تۈزىمەي، بەلكى ئاشنىسى بىلەن كۆڭۈل ئېچىپ يۈرىدۇ. 1996-يىلى 3-نويابىر، قىسىمدىن لى نوكجۇنگە پارتىيە ئەزالىقىدىن قالدۇرۇش، خىزمەت ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، بىر يىل سىناپ كۆرۈش جازاسى بېرىلىدۇ.

15-نويابىر يامغۇرلۇق كېچە، لىن شياۋمېي لى نوكجۇننى سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئاۋاق تەرىپىگە باشلاپ كېلىپ، گەپ-سۆز قىلمايلا پارقىراپ تۇرغان بىر دانە پىچاقنى لى نوكجۇنگە سۇنۇپ: «ئەگەر خوتۇنۇڭ بىلەن ئاجرىشمىساڭ بۇ پىچاق بىلەن مېنى ئۆلتۈرۈۋەت!» دەيدۇ. نەچچە كۈندىن بۇيان قاتتىق «ئازاب»لانغان لى نوكجۇن دەرھال پىچاقنى قولىغا ئېلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈشنى ئويلايدۇ، ئۇ باناللىدىكى قىزنى ئۆلتۈرۈشنى، يا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى كېرەككىدى. لى نوكجۇن قاتتىق ئازاب ئىچىدە قولىدىكى پىچاقنى تاشلاپ ئۇنى باغرىغا چىڭ بېسىپ سۆيۈپ كېتىدۇ.

1996-يىلى 30-نويابىر ساۋجۇمىنجۇمىن بىلەن لى نوكجۇن بىردىن «ئاجرىشىش خېتى»نى ئېلىپ مەھكىمە ئىش بېجىرىش ئورنىدىن چىقىدۇ.

## شەھۋانىي ھەۋەس - مۇھەببەت ئەمەس

ئەسلىدە لى نوكجۇن ساۋجۇمىنجۇمىن بىلەن ئاجرىشىپ بولغاندىن كېيىن، لى شياۋمېي بىلەن «يوشۇرۇن ئەر-خوتۇنلۇق»نى مەڭگۈلۈك ئەر-خوتۇن بولۇشقا ئۇلاشقانىدى. كىم بىلسۇن، لىن شياۋمېي توي قىلىشنى گەپ ئاچمايلا قالماي، بەلكى ھەيلەپ سايىسىنمۇ كۆرسەتمەيدۇ.

ئۇ قانداق بولمىسۇن لىن شياۋمېينى تاپمىسا بولمايتتى. ئەسلىدە لىن شياۋمېي 14-15 ياشلاردىن باشلاپلا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار بىلەن مۇھەببەتلىشىكەنىكەن، پىداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ جۇڭگو تىلى فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، ئۇنىڭ سۆيۈملىدىن ئىككى ئوغۇل ئوقۇغۇچى جارالانغانىكەن، ئۇ مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن شەھەر ئەتراپىدىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىلىنىپ بىرىم يىل ئىشلەپ ئىشلىمەيلا ئوقۇتقۇچىلىق جاپالىقكەن، كىرىمى تۆۋەنكەن دەپ مەلۇم بىر شىركەتكە يۆتكەلگەن، دائىم دېگۈدەك يۆتكىلىپ يۈرگەنكەن. ئۇنىڭ ئېنىق ئادرېسىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. ئاتا-ئانىسى قىزىنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمىغانىكەن.

## لى نوكجۇننىڭ بارلىق ئارزۇ-ئارمىنى كۆپۈككە ئايلانغان

1996-يىلى 3-دېكابىر كەچ سائەت 11دە، لى نوكجۇن بىنانىڭ ئالدىدا ساقلاپ تۇرۇپ، ئۆيىگە قايتقان لىن شياۋمېي بىلەن ئۇچرىشىپ: «بۇرۇڭ، بىز ئوبدان سۆزلىشىپ باقايلى» دېگەن ۋە ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن: سىز مېنى ياخشى كۆرمەمسىز-يوق؟ لىن شياۋمېي مەن نېمە دەپ سەن بىلەن توي قىلىمەن؟» دېگەن.

لى نوكجۇن ئۆزىنى باسالماي: «سەن نېمىشقا ئۆزۈڭنىڭدا ماڭا بېغىشلىشىسەن، يەنە نېمىشقا مېنى ئاجرىشىشقا زورلايسەن» دەپ سورايدۇ.

«مەن ئەسلىدە سىلەردەك چىن ئەقىدە باغلىغان نەمۇنىلىك ئەر-خوتۇنلارنى بۇزۇلامدۇ-يوق دەپ سىناپ باققانىدىم، كىم بىلسۇن ئا. ئىلىشتىنلا مەغلۇپ بولدۇڭلار» دەيدۇ.

«ئۇنداقتا سەن ھېلىقى مەن بەرگەن 20 مىڭ يۈەن پۇلنى قايتۇرۇپ بەر» دەيدۇ. «مەن ساڭا بىرىم يىل ھەمراھ بولدۇم، نەدە بىكارغا ئىش بولسۇن؟ جاھاندا ئۇنداق ئوڭاي ئىش يوق» دەيدۇ لىن شياۋمېي كۈلۈپ.

«سەن راستىنلا ئۇچىغا چىققان سېسىق جالاپ ئىكەنسەن؟ سېنىڭ يەنە باشقىلارغا زىيان سالماسلىقىڭ ئۈچۈن سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دېگىنىچە لىن شياۋمېينىڭ گېلىنى سىقىدۇ. «مېنى ئۆلتۈرمەكچىمۇ؟» دەيدۇ ئۇ. ئۇ، سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئاستىدىكى ئىشنى ئويلاپ، لى نوكجۇننى بۇنداق قىلغىدەك يۈرىكى يوق دەپ قارايدۇ.

ئۇ ھەرقانچە قىلسىمۇ لى نوكجۇننىڭ ئاسىۋرىدەك قولىنى ئاجرىتالمايدۇ. بىر ئازدىن كېيىن لىن شياۋمېينىڭ پۇت-قوللىرى بوشىشىدۇ. ئىلگىرى ئۆزىنى ئازدۇرغان ئاشنىسى تېنىگە رەھىمسىزلەرچە پىچاق تىقىشقا باشلايدۇ...

لىن شياۋمېينىڭ نەرسىلىرىنى ئاختۇرغاندا، رازۋېدكا خادىملىرى كۈندىلىك خاتىرە دەپتىرىنى تاپقان، خاتىرىدە ئۇنىڭ بىر قىسىم ئەرلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى، ئېغىز-بۇرۇن يالىشىپ يۈرگەنلىكىنىڭ جەريانى خاتىرىلەنگەن. ئۇ ئامېرىكىلىق ئۇسلۇبچى ئابال دونكىننىڭ مۇنۇ قارىشىغا چوقۇنىدىكەن: «ھەربىر ئەر-بىر خىل مۇزىكا، ھەربىر مۇزىكىدىن ھوزۇرلانغاندا، تۇرمۇشنىڭ بىر خىل ھاياتى كۈچى ئۇرغۇيدۇ». ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرمۇش مۇساپىسىدىن مۇنداق يەكۈن چىقارغان: توي قىلغان ئەرلەردە سىرتتا قارلىق ئىستىكى بولىدۇ. دۇنيادا پۈتۈنلەي بۇزۇلماس ئەقىدە، مۇھەببەت ۋە نىكاھنىڭ بولۇشىغا ئىشەنمەيمەن، دېگەن.

1997-يىلى يانۋاردا، دېڭىز ئارمىيىسى ھەربىي سوتى قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل لى نوكجۇنگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى. بىرىم يىلدىن كېيىن، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ شەھەر سىرتىدىكى جازا مەيدانىدا ماقالىنىڭ باش قىسمىدىكى كىشىنىڭ يۈرەك ئارىسىنى چېكىلىدىغان كۆرۈنۈش نامايەن بولدى.

ھامۇتجان ھېكىم (ت)

# ليۇداۋان كۆمۈركېنى جەمئىيەت ئامانلىقىنى تۈزەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ئابدۇقەيۇم ئابدۇلىم، پاتىمە مۇختەر خەۋەر قىلىدۇ: ئۈرۈمچى كان ئىشلىرى ئىدارىسىغا قاراشلىق ليۇداۋان كۆمۈركېنى ئۆتكەن يىلى بولۇپمۇ مەركەزلىك تۈزەش مەخسۇس كۈرىشى ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، كان رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنىڭ بىرقەدەر مۇرەككەپلىكىنى تولۇق تونۇپ، مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىپ، يېتەكچى ئىدىيە ۋە تۆت باسقۇچلۇق كونكرېت خىزمەت نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە بۇ خىزمەتنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، قاتتىق زەربە بەرگەنلىكتىن، كان رايونىدا ئامانلىق دېلولىرى، شۇنداقلا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىدى. كان رايونىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. شۇنىڭ بىلەن ليۇداۋان كۆمۈركېنى شىمىگۇ رايونى تەرىپىدىن «زەھەر چەكلەش مەخسۇس كۈرىشى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ»، «جەمئىيەت ئامانلىقىدىكى نەمۇنىلىك ئورۇن» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

## ئاقسۇ شەھىرى
# جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش بىرلەشمە مۇداپىئە تورىنى مۇستەھكەملىدى

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ئەركىن پالتىنىڭ ئاقسۇدىن بەرگەن خەۋىرى: ئاقسۇ شەھىرى 1997-يىلدىن باشلاپ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەشكە ھەقىقىي ئەھمىيەت بېرىپ، سىياسىي، كەسپىي ساپاسى يۇقىرى، قابىلىيەتلىك، ھەربىي سەپتىن قايتقان، كەسىپ ئالماشتۇرغان، ئىش كۈتۈپ تۇرغان 40 نەپەر ياشنى ساقچىخانا، خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىگە تولۇقلىدى، شەھەر بويىچە 130 نەچچە مەمۇرىي كەنتتە خەلق ئەسكەرلىرى بىرلەشمە مۇداپىئە ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ، بىرلەشمە مۇداپىئە ئەترەت ئەزالىرىنى، خەلق ئەسكەرلىرىنى كۆپەيتتى. شەھەر رايونىدا خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش گازارمىسىنى قۇرۇپ چىقتى. ھەر 10 ئائىلە بىرلىك قىلىنغان بىرلەشمە مۇداپىئە ئەترەتلىرى كوچا، ئاھالىلەر كومىتېتلىرى، كەنت، مەھەللىلەردە كېچىلىك چارلاش، كۆزەتچىلىك قىلىش تۈزۈملىرىنى يولغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن خەلق قوراللىق بۆلۈمى، خەلق ئەسكەرلىرى، ساقچىخانا بىر گەۋدە قىلىنغان بىرلەشمە مۇداپىئە تورى شەكىللىنىپ شەھەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا پۇختا ئاساس سېلىندى.

# كوناشەھەر ناھىيىسى «ئامانلىق» ژۇرنىلىغا 1860 پارچە مۇشتەرى بولدى

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ئابدۇغېنى ئابدۇراخمان خەۋەر قىلىدۇ: 1998-يىللىق «ئامانلىق» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش خىزمىتىنى بالدۇر ئورۇنلاشتۇردى. يېزا - بازار، ساقچىخانا، ئىدارە-جەمئىيەت، كان، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارمۇ ئۆز تەۋەسىدىكى ئورۇنلار، شەخسلەرگە ئامانلىق ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇشنىڭ قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەشتىكى مۇھىم رولىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، 1998-يىللىق «ئامانلىق» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش ئاكتىپچانلىقىنى ئاشۇردى. بۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە 12-ئاينىڭ 15-كۈنىگىچە، «ئامانلىق» ژۇرنىلىغا 1860 پارچە مۇشتەرى بولۇپ، 1997-يىلدىكىدىن 1632 پارچە ئاشۇرۇلدى.

## ئۆينى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇڭ

چارلىز يېرىم كېچىدە مەستلىكتىن كۆزى خىرەلەشكەن ھالدا، ئۆز ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئاچقۇچنى چىقىرىپ ھەرقانچە قىلىپمۇ قۇلۇپقا سالالمىدى.

كېچىلىك چارلاش ساقچىسى ئەھۋالنى بايقاپ تېزلىكتە ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە:

— ياردەم كېرەكمۇ؟ — دەپ سورىدى.

بۇ چاغدا چارلىز خۇشال بولۇپ، دەرھال:

— سىز ئۆينى مەھكەم تۇتۇپ بېرىڭ، ئۇ ئىغاڭلىمىسۇن، — دېدى.

## بوغۇزلىۋېتىڭ

بىر ساتىراچ خېرىدارنىڭ بېشىنى جۇمەك ئاستىغا تۇغرىلاپ، گەجگىسىدىن بېسىپ يۇيۇشقا باشلاپتۇ.

خېرىدار تولىمۇ بىئارام بولۇپ كېتىپتۇ. شۇڭا ئۇ ئاستا ساتىراچقا دەپتۇ:

— قاراپ بېقىڭا، سىرتتا ئادەم بارمۇ-يوق؟

— ئادەم بولسا نېمە بولاتتى، بولمىسىچۇ؟

— ئادەم يوق بولسا، مېنىڭچە بىر ئۇستۇرا بىلەن مېنى بوغۇزلاپلاۋېتىڭ!

## سوتتا كۆرگەن

قاتىللىق دېلوسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، بىرەيلەن سوتتا جاۋابكارلىققا تارتىلىپتۇ.

سوتچى قاتىللىق قورالىنى كۆرسىتىپ جاۋابكاردىن سوراپتۇ:

— سەن بۇنى كۆرگەنمۇ؟

— كۆرمىگەن، ئەپەندىم.

سوتچى قايتا-قايتا سورىغان بولسىمۇ، جاۋابكارنىڭ جاۋابى بىرخىللا بوپتۇ. شۇڭا سوراقنى ئەتىسى داۋاملاشتۇرماقچى بوپتۇ.

كېيىنكى كۈنى سوتچى جاۋابكاردىن سوراپتۇ:

— سەن بۇ پىچاقنى كۆرگەنمىدىڭ؟

— شۇنداق ئەپەندى، كۆرگەن.

— قاچان؟

— تۈنۈگۈن، سوتتا.

## ئەسلى دەرۋازىۋەن ئىدىم

نيۇ-يوركتىكى بىر تۈرمىگە بىرنەچچە جىنايەتچى كەلتۈرۈلۈپتۇ. بىر كۈنى تۈرمە باشلىقى ئۇلارنى يىغىپ:

— بۇ، ئۇلگىلىك تۈرمە، باشقۇرۇشى ناھايىتى دېموكراتىك، ھەربىر مەھبۇس بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى ئىش تۈرى بىلەن ئوخشاش ئىشقا قويۇلىدۇ، دەپتۇ.

مەھبۇسلار گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇش بولۇشۇپتۇ. ئارىسىدىكى بىرسى تېخى خۇشلۇقتىن سەكرەپ ئۇسۇلغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. تۈرمە باشلىقى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— سەن ئىلگىرى نېمە ئىش قىلاتتىڭ؟

— مەھبۇس ئۇنلۇك جاۋاب بېرىپتۇ:

— دەرۋازىۋەن ئىدىم، تۈرمە باشلىقى ئەپەندى!

## باتۇرلۇق ۋە كەسكىنلىك

ئوفىتسېر: ئاراڭلاردىن كىم «باتۇرلۇق»، «كەسكىنلىك» دېگەن سۆزلەرنىڭ پەرقىنى ئېنىق دەپ بېرەلەيدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

تۆۋەن دەرىجىلىك ئەسكەر جاۋاب بېرىپتۇ:

— رۇخسەتسىزلا لاگېردىن چىقىپ كېتىش، باتۇرلۇق دېيىلىدۇ.

— ئەمىسە كەسكىنلىك دېگەنچۇ؟

— لاگېرغا قايتىپ كەلمەسلىك.

ئابدىلىم ئابدۇرېھىم (ت)


# ھەجۋى رەسىملەردىن تاللانما

كۆزدىكى يامغۇر





«جاپالىق» سەزگۈز سائەت



تىمسىز



پولات كۆچى



ئالمىشىش

# باينغولىن ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسىنىڭ
# قاتناش ساقچى تارماق ئەترىتى

باينغولىن ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسىنىڭ قاتناش ساقچى تارماق ئەترىتى ئىشنى كادىر ـ ساقچىلارنىڭ ئىسىۋى ئېڭىنى ئوتتۇشتىن باشلاپ، ئىنتىزام ـ ئىستىلنى تەرتىپكە سېلىپ ، ناتوغرا ئىستىلنى تۈزىتىپ ، ياخشى ئوبراز يارىتىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى .

ماشىنا باشقۇرۇش ئورنىدىكى كەسپتىكى ناتوغرا ئىستىلنى تۈزىتىشنى چىڭ تۇتۇپ ، قىزغىن مۇلازىمەت قىلىش ، ئىش بېجىرىش ھالقىلىرىنى ئازايتىش ، ئىش بېجىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى بۇسۇش ئېغىزى قىلىشتىن ئىبارەت خىزمەت لايىھىسىنى تۈزۈپ كەڭ كادىر ـ ساقچىلار ئارىسىدا تونۇشنى ئۆستۈرۈش ، ناتوغرا ئىستىلنى تۈزىتىپ ، ياخشى ئوبراز يارىتىش ئاڭلىقلىقىنىڭ كۈچەيتىشنى تەشۋىق تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇپ ، ئۆز ئورنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرگەن مەزمۇنى كونكرېت ، مەسئۇلىيىتى ئېنىق ، مەشغۇلاتچانلىقى تېخىمۇ قاتتىق بولغان كەسپتىكى ناتوغرا ئىستىلنى تۈزىتىش نىشانلىق مەسئۇلىيەتنامىسى تۈزۈپ ، ھەر بىر ساقچىغا قارىتا ئۆزىنى ئۆزى تەكشۈرۈش ، ئۆزىنىڭكىنى ئۆزى تۈزىتىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ ، تۈرلۈك قائىدە ـ تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈردى . يەنە تەكشۈرۈش تۈزۈمى ۋە جازالاش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ، ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى قەرەللىك ۋە قەرەلسىز تۈردە تەكشۈرۈپ ، بايقالغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تۈزىتىپ ، ئۇنى تۈزۈملەشتۈردى ، قېلىپلاشتۇردى ، دائىملاشتۇردى .



▲ 1-سۈرەتتە: پاك، ئادىل، ئىنتىپاق بولغان رەھبەرلەر ناتوغرا ئىستىلنى تۈزىتىش خىزمىتىدە ھەرۋاقىت نەمۇنىلىك، باشلامچى رول ئوينىدى.



◄ 2-سۈرەتتە: ماشىنا باشقۇرۇش ئورنى ھەركۈنى شوپۇر دوستلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلار سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بەردى، ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى ھەل قىلدى.




3 ـ سۈرەتتە : كۆزگە كۆرۈلگەن باينغولىن ئوبلاستىدىكى ج خ روھى ماشىنا باشقۇرۇش ئورنىدىكى ھەر بىر خەلق ساقچىسىنىڭ قايىل يارىدەمچىسى بولدى .



▲ 4-سۈرەتتە: ناتوغرا ئىستىلنى تۈزىتىش خىزمىتىدە بۇ تارماق ئەترەت تۈرلۈك خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، ئاممىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئالقىشىغا ئېرىشتى.